«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物


ئاتاقلىق يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل خانىم
ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

4
2012
新疆文化
ISSN 1008-6498

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



«يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» (1991 ـ يىلى)، «سۇي، تاڭ سۇلالىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى» (1994 ـ يىلى)، «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» (1999 ـ يىلى)، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر» (1999 ـ يىلى)، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تارىخى ھەققىدە تەتقىقاتلار» (2012 ـ يىلى) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى، «ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىدىن تامچە»، «قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتى»، «قەدىمكى تۇرپان مەدەنىيىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر سىرىك سەنئىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى بىر يۈرۈش ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتراپ قىلىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلگەن مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، تارىخشۇناس، مىڭئۆي سەنئىتى تەتقىقاتچىسى ئابلىز مۇھەممەت سايرامى ئەپەندى.

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(61-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2012-يىلى 4-سان
(ئومۇمىي 316-سان)

باش مۇھەررىر (تەكلىپلىك):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ باشقارما
باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۇسۇپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى:
**ئايگۈل ئەمەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا


«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

ئاپتاپتەك پىسخىكا ۋە ئىناق جەمئىيەت ................... ئادىل خالىقجان 2

تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ...... تۇردى ئالاۋۇش، ئابدۇقەييۇم مەڭسۇر قاتارلىقلار 12

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

تارىخنىڭ ئەرۋاھى، بۆسۈلگەن تور ۋە ئۆلمەس ئوتوپىيە ..............
.................... نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن 20

«مۇشۇ كۈنلەردىكى مەن»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ......... تۇردى قەييۇم ئىمىن 41

ئۆيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

«ئوغۇللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى!» ..................... ياسىنجان نىزامىدىن 43

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى ......................................... 57

يۇزمۇيۇز

ماقالە ئالۇۋىغى قاچان تۈگەيدۇ ...... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم، دولقۇن قادىر 61

تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچىلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ..............................
............ راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 66

www.uyghurkitap.com

## ئادىل خالىقجان

# ئاپتاپپەرەس پىسخىكا ۋە ئىناق جەمئىيەت



ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىنسانلار جەمئىيىتى
ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان نىشان. ئىناق جەمئى-
يەت بەرپا قىلىشتا ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلام بويىچە كۆپلى-
گەن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، مېنىڭچە
بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئادەمنى ئاساس قىلىپ،
ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ، ئاپتاپپەرەس پىسخىكىلىق ھالەت-
نى يېتىلدۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ
تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ماددىي بايلىقنىڭ تېز
كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى
بارغانسېرى ئۆسمەكتە، ماددىي بايلىق بىلەن كۆڭۈلنى
خۇش قىلىش، ماددىي بايلىق ئۈچۈن باش قاتۇرۇش،
قىسقىسى ئادەملەرنىڭ پۈتكۈل روھىي ھالىتى ھەتتاكى ئى-
دىيەۋى ھېسسىياتى ماددىي بايلىق تەرىپىدىن كونترول قى-
لىنماقتا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇنىڭدا بازار ئىگىلى-
كىنىڭ سەلبىي تەسىرى رول ئوينىماقتا. ھازىر جەمئىيىتىمىز
مۇھىم ئۆزگىرىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، رىقابەت ۋە بېسىم-
غا تولغان ئەھۋالدا بەزى ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازان-
دى، بەزىلەر يەنىلا تەمتىرەپ يۈرۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە يەنە بەزى غەلىتە ھادىسىلەرمۇ پەيدا بولدى، يەنى
كىشىلەرنىڭ بايلىقى كۆپەيدى، بىراق قانائەتلىنىش ھېسسى-
ياتى تۆۋەنلەپ باردى؛ قاتناش ـ ئالاقە قوراللىرى ئومۇم-
لاشتى، بىراق چوڭقۇر سىردىشىش ئازىيىپ كەتتى؛ تونۇ-
شىدىغان ئادەملەر كۆپەيدى، ئەمما ئىشەنچلىك دوستلار
ئازايدى؛ ئۆيلەر بارغانسېرى ئازادىلەشتى، بىراق ئائىلە
ئەزالىرىنىڭ سانى ئازىيىپ كەتتى؛ ئۆيلەر بارغانسېرى
كۆركەم زىننەتلىنىدىغان بولدى، ئەپسۇسكى، مۇكەممەل
ئائىلىلەر ئازىيىپ كەتتى؛ بىنالار بارغانسېرى ئېگىزلەشكە
باشلىدى، بىراق بەزى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى بار-
غانسېرى تارىيىپ كەتتى؛ يوللار بارغانسېرى كېڭەيدى،
ئەمما بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى تارلاشتى؛
ماددىي شارائىت ۋە داۋالىنىش شارائىتى بارغانسېرى ياخ-
شىلاندى، بىراق روھىي كېسەللەر بارغانسېرى كۆپەيدى.
بىر قىسىم كىشىلەردە پىسخىكىلىق تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ،
ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىلتەكلىك، تېرىككەكلىك بىر خىل كې-
سەلگە ئايلاندى. خىزمەت بېسىمى بارغانسېرى ئاشتى،
تۆرلۈك ئويۇن ـ تاماشىلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ھەق-
قىي جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق بارغانسېرى ئازىيىپ

**«ئۆزۈڭنى تونۇ!»**

بارىدى، بەزى كىشىلەر روھىي جەھەتتە ئادىشىپ، ئۆز - ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چارچاپ، كىشىلىك ھايات يولى مەنىسىزلىك، ئوڭۇشسىزلىقلارغا تولغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. جوڭگولۇقلار قەدىرلەيدىغان مۇلايىم، رەھىمدىل، ئەدەپلىك، ئاددىي - ساددا ۋە كەمتەرلىكتىن ئىبارەت ئالىيجانابلىق مىزانلىرى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئېتىكاشۇناسلار ئەخلاقنىڭ ئالتۇن قانۇنى دەپ ھېسابلايدىغان «ئۆزۈڭگە ياقمىغاننى باشقىلارغا تاڭما» دېگەن قاراشلار بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا تاشلىۋېتىلدى، ۋەھاكازالار... مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۆپچىلىك ئىختىيارسىز ھالدا: مەسىلە زادى نەدىن كۆرۈلدى؟ دەپ سورىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدا مەسىلە كۆرۈلدى. بىز چوقۇم ماددىيلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت روھىي ئېقتىدارنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئۇنداقتا، كىشىلەرنىڭ پسىخىك ھالىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى «ھەممە نەرسىدىن قاقشايدىغان» روھىي ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلدۇرۇپ، خۇشال - خۇرام خىزمەت قىلىدىغان ۋە ياشايدىغان قىلىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، ئۇ بولسىمۇ ئاپتاپتەك پسىخىكىلىق ھالەتنى يېتىلدۈرۈپ، كىشىلىك ھايات ۋە جەمئىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، ئاپتاپتەك پسىخىكىلىق ھالەت دېگەن نېمە؟ ئۇ دەل كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قۇياش نۇرىدەك ئىللىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىش؛ يەنى كىشىلەرنى ئوچۇق - يورۇق، ئاكتىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان پسىخىكىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتاپتەك پسىخىكىلىق ھالەت ئەمەلىيەتتە نورمال پسىخىكىلىق ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم ھەر قانداق ۋاقىتتا قىزغىن ۋە جۇشقۇن بولۇپ، پاسسىپ كەيپىياتنى تېزلىكتە كونترول قىلىپ، ئۈمىدۋار ياشاپ، خۇشال - خۇرام خىزمەت قىلىدىغان پسىخىكىلىق ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. ھەممە ئادەم ئىككى ياقىلىمىلىققا ئىگە بولىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئاجىزلىقى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان تەرىپىمۇ، سەلبىي، چۈشكۈن تەرىپىمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەمدە بۇ ئىككى تەرەپ بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭمۇ ئوخشاشلا ئاساسىي ئېقىمدا تۇرىدىغان ساغلام تەرىپى ھەم ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدىغان ساغلام بولمىغان قاراڭغۇ تەرىپى بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم جەمئىيەتكە، كەسىپكە، ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا، شۇنداقلا ئۆزىگە ئاساسىي ئېقىم بويىچە، ساغلام ۋە ئاكتىپ تەرەپتىن قارىسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئادەم خۇشخۇي، ئالغا ئىنتىلىشچان، شادىمان، ئۈمىدۋار، ئەپۇچان، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولىدۇ. بۇ خىل پسىخىكىلىق ھالەتكە ئىگە كىشىلەر تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ھەل قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا بىر خىل ئىجادچانلىق ۋە ئالغا ئىنتىلىش كۈچى ھاسىل بولۇپ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچى تولۇپ - تاشىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ. ئەكسىچە، تۇرمۇشتا ئەسلىدىلا كۆڭۈلدىكىدەك نەرسىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، بۇنىڭغا سىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولمىغان، شۇنداقلا ساغلام بولمىغان تەرىپىگە ئائىلىڭىز ۋە كەسپىڭىزدىكى سەلبىي ئامىللارغىلا ئېسىلىۋالىدىغان پسىخىكىڭىز قوشۇلسا، ئۇ ھالدا سىز كۆڭۈلسىز بىئاراملىق، غەم - قايغۇ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقى ئىچىدە يۈرىسىز. بۇنداق ناچار پسىخىك ھالەت ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ئائىلىڭىزنىڭ ئىناق كەيپىياتىنى بۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسپىڭىزگە ئىنتايىن پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاپتاپتەك پسىخىكىلىق ھالەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە يارىتىش مەيلى ئۆزىڭىزگە، ئائىلىڭىزگە، كەسپىڭىزگە ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن بولسۇن، ۋە مەيلى بىز نۆۋەتتە بەرپا قىلىۋاتقان ئىناق جەمئىيەتكە نىسبەتەن بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقىلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئاپتاپتەك پسىخىكىلىق ھالەت ھەرگىز ئاسماندىن تۇيۇقسىزلا چۈشۈپ قالمايدۇ، ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز داۋامىدا تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشىمىزگە موھتاج. ئاپتاپتەك پسىخىكىلىق ھالەتنى يېتىلدۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىن ئىش باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1. پسىخىكىلىق ھالەت تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ. پسىخولوگىيەدە: پسىخىكىلىق ھالەت بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي غوجايىنى دەپ قارىلىدۇ. كىشىلىك ھايات بىپايان دېڭىزغا ئوخشايدۇ، بەزىدە تىپ - تىنچ بولىدۇ، بەزىدە دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە يېتىدۇ. تۇرمۇشنىڭمۇ تۆت پەسلى

بولىدۇ، بەزىدە ئىللىق شامال لەرزان يەلپۈسە، بەزىدە بوران ـ چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ قار ـ يامغۇر ياغىدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. بىر ئادەم ئەگەر ئۈمىدۋار، ئاكتىپ، ئېغىر ـ بېسىق، سالماق بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى تۈرلۈك زىددىيەت ۋە جەمئىيەت، تۇرمۇش بېسىملىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلسا، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىپ ساغلام تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلالايدۇ ھەم ياخشى پسىخىكىلىق ھالەتنى ساقلىيالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھاياتنى قىزغىن سۆيۈش، ھاياتنىڭ بىر ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بىر پەيلاسوپ: ئادەمنىڭ ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان ياشلىق باھارى قايتا كەلمەيدۇ، سۇدەك ئېقىپ تۇرغان ياشلىق باھارى قايتا كەلمەيدۇ، سىز ھاياتىڭىزنى قەدىرلىدىڭىزمۇ؟ دېگەن. شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئۆز ھاياتىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، ھاياتنى ياخشى لايىھەلىشى، ھاياتنى ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك. ئادەم ھاياتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى بەلگىلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق ھاياتنىڭ مەزمۇنىنى تامامەن ئۆزى بەلگىلەيدۇ. چەكلىك ھاياتتا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزىگە، ئىنسانلارغا، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش كېرەك. ھاياتنى قىزغىن سۆيۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىش، ھەر ۋاقىت ئۆزى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ھەر ۋاقىت تەمكىن بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، كەمچىلىكلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. ھاياتنى قىزغىن سۆيۈش ئۈچۈن نورمال روھىي ھالەتنى ساقلاش كېرەك. ئېغىر ـ بېسىق ئادەملەر تەبىئىي ھالدا خۇشاللىققا يېقىن، خاپىلىقتىن يىراق، سالقىنقان كېلىدۇ. ئېغىر ـ بېسىقلىق ئەڭ چوڭ ئادىمىيلىك يولىدۇر. ئەپسۇسكى، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىدىن ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەر كۆڭلى پاراكەندە، ئالدىراڭغۇ، كۆڭۈل ئەينىكى خىرە ھالەتتە يۈرمەكتە. ئېغىر ـ بېسىق، سالماق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالساق نۇرغۇن ئىشلارنى ھەل قىلالايمىز. مەسىلەن: ئەقلىمىز روشەنلىشىپ، كۆڭلىمىز ئارام تېپىپ، نىيەت ـ ئىقباللىمىز دۇرۇسلىنىدۇ. ئادەتتە كىشىلىك ھاياتىمىزدا كۆڭلۈمىزدىكىدەك بولمىغان ئىشلار كۆپ، كۆڭلۈمىزدىكىدەك بولغان ئىشلار ئازراق بولىدۇ. بىز بۇنىڭغا تەبىئىي ئىش دەپ قاراپ، كۆكسى ـ قارنىمىزنى كەڭ تۇتۇشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، رېئاللىققا توغرا قارىشىمىز، دۇنيادىكى تۈرلۈك تۈمەن شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىدا ئۆز ئالدىغا مۇقەررەرلىك قانۇنىيىتى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز لازىم. بۇ چەكسىز ئالەمدە تۈرلۈك تۈمەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بەزى ئىشلارنى ئۆز تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق ئۆزگەرتەلىشىمىز ۋە كۆڭلۈمىزدىكىدەك تەرەپكە بۇرىۋېتەلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، قەزىقىش، رېئاللىققا ئۇيغۇن غايە، جاھاندارچىلىق يولى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك، نەتىجىسىنى كۆڭلۈمىزدىكىدەك تەرەپكە بۇرىيالىشىمىز مۇمكىن. يەنە بىر قىسىم ئىشلارنى مەسىلەن، ئاتا ـ ئانا، ئائىلە كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلارنى تاللاش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن تەلەي، پۇرسەت، جامائەت پىكرى قاتارلىقلارنى ئىزدەپ تاپالىشىمىز ياكى يېتەكلىيەلىشىمىز مۇمكىن! بىر ئادەم ھاياتىدا، ئاساسىي ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق مەنىۋى تۇرمۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. شەخسنىڭ قانچىلىك ماددىي بايلىققا ئىگە بولۇشىغا قارىتا چوقۇم نورمال پسىخىكا بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. پسىخولوگ ماسلو مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولغان تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىش زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئېھتىياجنىڭ قاتلاملىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك پەرقى بولىدۇ، ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۇقىرىلىرى تەرتىپ بويىچە بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، ھېسسىيات ئېھتىياجى، ھۆرمەتلىنىش ئېھتىياجى ۋە رېئاللىنىش ئېھتىياجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياجلارنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا يۇقىرى قاتلامدىكى مەنىۋى ئېھتىياجلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىش كېرەك.

ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي بايلىق پۇل ياكى ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆي ـ مۈلۈك، پاي چېكى، زايوم، كىيىم ئىشكابىدىكى داڭلىق ماركىلىق كىيىم ۋە ئاياغلار بىلەن ئەمەس، بەلكى نورمال پسىخىكا ۋە تەڭپۇڭ بولغان روھىي ھالەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ. سىزدە مۇشۇلار بولسىلا

گاندىن، باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ خۇشال ـ خۇرام يا-
شاشنىڭ دەسمايىسىغا ئىگە بولالايسىز، ئەڭ ئاخىردا ئۆ-
زىڭىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇرمۇش ئۇلگىسى ۋە
تۇرمۇش شەكلىنى تاپالايسىز. گەرچە بىز كىشىلىك تۇر-
مۇشنى ئۆزگەرتەلمىسەكمۇ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى
ئۆزگەرتەلەيمىز، مۇھىتنى ئۆزگەرتەلمىسەكمۇ روھىي ھال-
ىتىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز، مۇھىتنى تەڭشەپ ئۆزىمىزنىڭ
تۇرمۇشىغا تولۇق ماسلاشتۇرالمىساقمۇ، پسىخكىلىق ھال-
ىتىمىزنى تەڭشەپ بارلىق مۇھىتلارغا ماسلاشتۇرالايمىز.

پسىخكىلىق ھالىتىمىزنىڭ نورماللىقى ۋە تۇرمۇشتىن
ئېرىشكەن خۇشاللىقلىرىمىز بىزنىڭ قانداق جايدا تۇرۇۋات-
قانلىقىمىز، قانداق نەرسىلەرگە ئىگە بولغانلىقىمىز، جەمئى-
يەتنىڭ قايسى قاتلىمىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ھەمدە ئۆزىمىز-
نىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزدە ئەمەس، بەلكى قەلبىمىز
ۋە روھىي ھالىتىمىزنىڭ قانداق مەنزىلگە يەتكەنلىكىدە
ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ ھەمدە تاشقى مۇھىتتا مەۋجۇت بو-
لۇۋاتقان ھەرقانداق ئامىل بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ.
تەخمىنەن 300 يىللار ئىلگىرى مىلتوننىڭ ئىككى كۆزى
كۆرمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن، «ئىدىيەنىڭ تەدبىقلىنى-
شى ۋە ئىدىيەنىڭ ئۆزى دوزاخنى جەننەتكە ياكى جەننەت-
نى دوزاخقا ئايلاندۇرالايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بايقىغان.
بىز ناپالېئون بىلەن خېلېن كېللېرلارنىڭ ھاياتىنى مىسالغا
ئالساقلا مىلتوننىڭ سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىيالايمىز. ناپالېئون ئادەتتىكى ئادەملەر ئارزۇ قىلى-
دىغان شەرەپ، ھوقۇق، بايلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە
ئېرىشكەن، بىراق ئۇ سانت خالىناغا «بۇ ئۆمرۈمدە بىرەر
كۈننىمۇ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپ باقمىدىم» دېگەن.
خېلېن كېللېر بولسا ھەم ئەما ھەم گاچا بولسىمۇ
«تۇرمۇش نېمە دېگەن گۈزەل! ئەگەر بىرى مەندىن 50
يىللىق ھاياتىڭدا تۇرمۇشتىن نېمىلەرنى ئۆگەندىڭ دەپ
سورىسا، مەن: ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچقانداق كىشى ياكى
ھېچقانداق ئىش ساڭا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلمەيدىكەن،
دەپ جاۋاب بېرىمەن» دېگەن. ساغلام بولغان پسىخك-
لىق ھالەت ئۆزلۈكىدىنلا شەكىللىنىپ قالمايدۇ، ھەر بىر
ئادەم ھەر ۋاقىت «ئۆز ئۆزىنى تەكشۈرۈش» ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ پسىخكىلىق ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنى ئىنچىكە كۆزى-
تىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تېپىپ چىقىشى، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە باشقىلارغا كۆپرەك ياردەم بېرىشى، ياخشى ئىش
قىلىش داۋامىدا خۇشاللىققا ئېرىشىپ، ئاپتاپتەك پسىخك-
لىق ھالەتنى ئۆزلۈكسىز يېتىلدۈرۈپ، روھىي جەھەتتىن يې-
تىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

2. ئادەمنى ئاساس قىلىشنى ئالدى بىلەن ئۆزىنى
تونۇش، ئۆزىنى قايىل قىلىش، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش،
ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلاش كېرەك. بىز ئا-
دەمنى ئاساس قىلىشنى ئۆزىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تە-
كىتلىگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى توغرا تونۇشىمىز،
ئۆزىمىزنى توغرا چۈشىنىشىمىز، ئۆزىمىزنى قايىل قىلىشى-
مىز كېرەك. گرېتسىيەنىڭ مۇقەددەس قەلئەسى دېلفۇي
چېركاۋىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا «ئۆزۈڭنى تونۇ!» دېگەن
دۇنياغا داڭلىق پەندى ـ نەسىھەت يېزىلغان بولۇپ، گرېت-
سىيەلىك پەيلاسوپ سوقرات ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىنسا-
نلارنى 2400 يىل تەربىيەلىگەن. مەيلى شانلىق مەدەنىيەت
ياكى بۈيۈك ئىمپېرىيە بولسۇن، ئۆزىنى سەگەكلىك بىلەن
تونىمىغاندا ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ
مۇقەددەس ھۆكۈم، شۇنداقلا سەممىي نەسىھەت ئىنسان
تەبىئىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەدىمدىن
تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە بۇ خىل ساۋاق-
نى قوبۇل قىلمىغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. مانا بۇ، بۇ دۇنيادا
توغرا تونۇش ۋە قايىل قىلىش ئەڭ تەس بولغان نەرسى-
نىڭ دەل ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ئادەم بولۇشتىن ئاۋۋال ھەر بىر ئادەمنىڭ «ئۆزى»نى
بىلىپ كېتىشى ناتايىن، «ئۆزى»ڭىزنى بىلگەن ۋە بايقىغان
ۋاقتىڭىز، دەل سىزنىڭ ئۆمرىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىش
بولىدۇ. ھەر بىر ئادەم دۇنياغا ئىككى قېتىم تۇغۇلىدۇ،
يەنى، بىرىنچى قېتىملىقى سىزنىڭ ئانىڭىزدىن تەۋەللۇت
بولغىنىڭىز، ئىككىنچى قېتىملىقى بولسا «ئۆزى»ڭىزنى باي-
قىغانلىقىڭىزدۇر. «ئۆزى»ڭىزنى تونۇپ، «ئۆزى»ڭىزنى
چۈشەنگەن ۋاقتىڭىزدا، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى
تەرەپلىرىڭىزنى، يېتەرسىزلىكلىرىڭىزنى بايقىيالايسىز. دەم
ئېلىش كۈنلىرىڭىزدە كىتاب ئوقۇشنى پىلانلىغان بولسىڭىز
بىرەر مېھماندارچىلىق سىزنىڭ پىلانىڭىزنى بۇزۇۋېتىدۇ،
بىرەر يەرگە دەم ئېلىشقا بارماقچى بولغان بولسىڭىز، تۇ-
يۇقسىز كەلگەن سودا پۇرسىتى سىزنىڭ دەم ئېلىشنى ئە-
مەلدىن قالدۇرۇشىڭىزغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ

سالامەتلىكىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈش نىيىتىگە كېلىپ، بۇنى
بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتۇرماي تۇرۇپلا توختاپ قالىسىز.
نام ـ مەنپەئەت قوغلاشماي خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كە ـ
چۈرۈشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، تۇتامغا چىقمايدىغان كە ـ
چىككىنە ئىشلار ئۈچۈن قورساق كۆپىكى تارتىپ يۈرىيە ـ
سىز، ۋەھاكازالار. بەزىدە ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئادىمىڭىز
بىلەن يارىشىپ قالغاندىن كېيىن، بىردىنلا قاراڭغۇلۇقتىن
قۇتۇلۇپ دىلىڭىز يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ. باشـ
قىلارنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تولغاندەك، نەزەر ـ دائىـ
رىسى كەڭرىدەك، ئاقىلانىدەك ھېس قىلسىزيۇ، ئۆزىڭىز ـ
نى بولسا بىلمىسىز، نەزەر ـ دائىرىسى تار، قابىلىيەتسىز،
بىكىنمىدەك ھېس قىلىپ قالىسىز. دائىم ئالدىراشلىقىڭىزنى
پەش قىلىپ، قەددىڭىزنى رۇسلاشقا يېتىشىپ بولالمايسىز.
بىر ئادەمنىڭ جاسارىتى، پاراستى، ئەقىل ـ ئىدراكى،
قايناق ھېسسىياتى، سەۋرچانلىقى، زېرەكلىكى ئەمەلىيەتتە
ھاياتلىق لىنىيەسىدىكى ئەڭ جانلىق، ئەڭ لەرزان تەرەپلە ـ
رى بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۇلاردىن پايدىلىنىپ قوغلىشىدىغىنى ـ
مىز كۆپ ھاللاردا ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولمىغان نەر ـ
سىلەر بولۇپ قالىدۇ. بىز ھاياتىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكى ـ
نى ئۇنتۇپ، باشقىلارنىڭ ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز ھۆرمە ـ
تىنى قوغلىشىمىز. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قانداقلا ئىش
قىلسۇن قاملاشمايۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مە ـ
سىلىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. سىز بۇ دۇنيادا
ئۆزىڭىزنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇشنى بەلگە ـ
لەيدىغان ئادەمنىڭ دەل ئۆزىڭىز ئىكەنلىكىنى ئۇزۇل ـ
كېسىل چۈشەنگەن ۋاقتىڭىزدا، دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇ ـ
رۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولالايسىز. ئۆزد ـ
ىڭىزدىن باشقا ھەر قانداق ئادەم سىزنى ئۈمىدسىزلىك ۋە
چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار قىلالمايدۇ. «بىر ئادەمنىڭ ئىدد ـ
يەسى ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەي ـ
دۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھە ـ
رىكىتىنى شۇ كىشىنىڭ ئىدىيەسىدىن پورەكلىگەن گۈل
دېسەك، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ شادلىقى ياكى قايغۇسىنى ئىدىيە ـ
سىدىن پىشىپ يېتىلگەن مېۋە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا
ئالغان ھوسۇلىڭىزنىڭ شاتلىق ياكى غەم ـ قايغۇ بولۇشى
پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئىدىيەڭىزنىڭ قانداق بولۇشىغا
باغلىق. سىز مەلۇم خىلدىكى پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزد ـ
ىڭىزگە قوبۇل قىلالىسىڭىز، ئۇ ھالدا سىزنىڭ قەلب بوستا ـ
نىڭىز پىشىپ يېتىلىپ، سىز ئالىلقاچان ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ
ياخشى دوستى بولۇپ قالغانلىقنى خۇشاللىق بىلەن بايقىيا ـ
لايسىز. سىز مەلۇم نىشاننى بېكىتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدا ـ
رىنى تەربىيەلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقى ۋە يېتەرسىزلىكلى ـ
رىڭىزنى تۈزىتىشتىن باشلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلىك تۇر ـ
مۇشىغا قەدەم تاشلىغان بولسىڭىز، بۇ دەل ھەقىقىي مەنى ـ
دىكى ئۆزىڭىزنى تونىغانلىقىڭىز بولىدۇ. قەدىمكى گىرېتـ
سىيە پەيلاسوپى سوقراتنىڭ «بىلىم دەل ئۆزىمىزنىڭ جىسـ
مىدا، مۇھىم ھالقا ئۆز جىسمىمىزدىكى بىلىملەرنى قانداق
قېزىپ چىقىش ۋە بۇ بىلىملەردىن قانداق پايدىلىنىشتا»
دېگەن بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزى بار. بۇ ھېكمەتنىڭ
ئەڭ مۇھىم ھالقىسى «ئۆزۈم»دىن ئىبارەت، يەنى ئۆزد ـ
ىدىن ئادىشىپ قالمىغان ئادەملا كىشىلىك ھايات نىشانىدىن
ئادىشىپ قالمايدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر
بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتماقتا، يەنى ئۇلار ئۆزىگە كۆڭۈل
بۆلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىنى ئۈستۈرمەي ـ
دۇ، باشقىلارنى قارىغۇلارچە قوغلىشىدۇ، دورايدۇ، خۇددى
سەللا كېچىكسە سەپنىڭ ئارقىدا قالىدىغاندەك پۈتۈن
جىسمى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن توختىماستىن سىرتتىن
كەلگەن ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خىل قوغلىشىشنىڭ
ئاخىرقى نەتىجىسى بىر مەھەللىك قىزغىنلىق ئۆتۈپ كەتـ
كەندىن كېيىن، تۆت كوچا دوقمۇشىدا يالغۇز قېلىشتىن
باشقا نەرسە ئەمەس، سانسىزلىغان ئادەملەر ئېقىمى ئارد ـ
سىدا ھەقىقىي ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يوقىتىپ قويغان بولىمىز،
خالاس. بۇ يەردە مەن سەممىيلىك بىلەن: باشقىلارنىڭ
كەينىدىن بىر دەقىقىمۇ توختىماستىن مېڭىۋاتقان كىشىلەر ـ
نىڭ قەدىمىنى بىردەم توختىتىپ ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشـ
نى، ئۆزىنى تونۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۆزىنى
بايقاش ئەمەلىيەتتە خۇش پۇراق گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ
كەتكەن گۈلزارلىقنى بايقىغانغا باراۋەر. شۇڭا ئەگەر كەلـ
گۈسىدىكى ھەر بىر كۈنىمىزنى ئەركىن، بەخىرامان ئۆتكۈ ـ
زىمىز دەيدىكەنمىز، ھەر بىرىمىز چوقۇم ئۆزىمىزنى
تونۇپ، ئۆزىمىزنى تولۇقلاپ، ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇ ـ
شىمىز لازىم. بۇ نىشانغا يېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى
ياخشى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇش، بولۇپمۇ قاراتمىلىقى
ئىگە ھالدا چوڭقۇرلاپ ئوقۇش. قالغان ۋاقتىمىزدا يەنە

بىر ئاز ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا
قۇلاق سېلىپ بېقىشىمىز، ئۆزىمىز بىلەن پاراڭلىشىشنى ئۆ-
گىنىۋېلىشىمىز، شۇ ئاساستا كىشىلىك ھايات قەدەممىزنى
ۋە ھالىتىمىزنى ياخشى تەڭشىشىمىز كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، كىشىلىك ھا-
ياتتىكى ئەڭ چوڭ رەقىبىمىز باشقىلار بولماستىن دەل ئۆ-
زىمىزدۇر. ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىغان ئادەمدىلا
كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - پاراسەت، ئىقتىدار بولىدۇ،
بارلىق ئوڭۇشسىزلىق، غەم - قايغۇ ۋە بەختسىزلىكلەرنى
يېڭەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ باھاسى، سۆز - چۆچەكى ۋە
قانداق نەزەردە قارىشى بەك مۇھىم ئەمەس، ئادەمنىڭ
تەبىئىتى ئەسلىدىلا بىر مۆجىزە، باشقىلارغا ھەۋەس قىلىش
ۋە باشقىلارنى دوراشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق، ئەمەلىيەتتە
ئۆزىمىزمۇ بىر گۈزەل مەنزىرە ۋە گۈزەل دۇنيا. ئۆزى-
مىزنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىمىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈ-
مگىلا باغلىق. خاسلىقا، خاراكتېرگە، پىرىنسىپقا، نىشانغا
ئىگە بولغان ئۆزىمىزنى بەرپا قىلالىساق، جەزمەن
بەختلىك كىشىلىك ھاياتقا ئىگە بولالايمىز. ئادەم تەبىئىتى
نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «شەخسىيەتچىلىك»نى توغرا - خاتا
دەپ ئايرىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىراق ئۇ بەلگىلىك دەرىجە-
دىن ئېشىپ كەتسە، زىيانلىق بولغان نەپسانىيەتچىلىككە
ئېلىپ بارىدۇ. ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەش ئادەملەرنى
سوغۇق، تاش يۈرەك قىلىپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئىچكى
دۇنياسىنى بارا - بارا قۇرۇقداپ، غۇۋالاشتۇرۇپ، ئەڭ ئا-
خىردا دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېتىقادى ۋە نىشانىنى يو-
قىتىپ قويۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قەدىمكىلەر ئېيتقان-
دەك «ئۆزىمىز تىك دەسسەپ تۇراي دېسەك باشقىلارنىمۇ
تىك دەسسەپ تۇرغىلى قويىشىمىز، ئۆزىمىز ئىشىنىڭ يولىنى
تاپاي دېسەك باشقىلارنىمۇ ئىشىنىڭ يولىنى تاپقىلى قويىشى-
مىز» كېرەك، شۇندىلا ئۆز ئۆزىمىزدىن ھالقىپ، ئەڭ ئا-
خىردا ئۆزىمىزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ پايدا يەتكۈزۈش مەقسە-
تىگە يېتەلەيمىز. شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئاۋۋال ئۆز ئۆزىنى
تاكامۇللاشتۇرغاندىلا، ئاندىن دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل
بۆلۈش مەقستىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، شۇنداقلا ساغلام
بولغان ئادىمىيلىك پەزىلىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

3. تۇرمۇشتىن بەھىر ئېلىش، ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋې-
لىش لازىم. تۇرمۇش خىلمۇ - خىل، رەڭگا - رەڭ بولىدۇ،
خىزمەت، ئۆگىنىش، مەنپەئەتكە ئېرىشىش، نام چىقىرىش-
تىن باشقا، دۇنيادىكى يەنە نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر بىزنىڭ
بەھىر ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن: ئىللىق ئائىلە، ئې-
غىزغا تېتىغۇدەك تائام دېگەندەك. يەنە ساياھەت قىلىش
ئارقىلىقمۇ نەزەر دائىرىمىز ۋە مۇناسىۋەت بوشلۇقىمىزنى
كېڭەيتەلەيمىز، قارلىق تاغ - يېشىل يايلاقلارنى، بىپايان
دېڭىزلارنى، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنى، بوزغۇنلۇق شا-
قىراتمىلارنى، قەدىمىي تارىخىي ئىزنالارنى، ئوتقاشتەك
جۇلالىنىپ تۇرغان قۇياشنى، سۇتتەك تولۇن ئاينى،
سىرلىق قەلئەلەرنى ئايلىنىپ تاماشا قىلساق بولىدۇ. بەزى-
دە يالغۇزلۇق كولرەڭ تونىنى كىيىپ بىزنىڭ ئالدىمىزدا
پەيدا بولۇشى مۇمكىن. يالغۇزلۇق ئەزەلدىنلا سەلبىي مە-
نىلىك سۆز بولۇپ كەلگەن، بەزىلەر ئۇنى غېرىبلىق دەپمۇ
ئاتايدۇ. ھازىر مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر شاۋقۇن -
سۈرەنلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىۋاتقان بولغاچقا، يالغۇزلۇق-
تىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە
بىزنىڭ يالغۇزلۇقتىن قورقۇشىمىز، قېچىشىمىزنىڭ ھاجىتى
يوق. ئۇنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ياخشى
مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان
ئادەم تۇرمۇشنىڭ بارلىق سوۋغاتلىرىنى خۇشاللىق بىلەن
قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئەگەر سىز ئالىي مەكتەپكە
ئۆرلەش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن بولسىڭىز، ئەگەر سىز
مەنسىپىڭىزدىن قالغان ياكى ئەسلىدىكى نىشانىڭىزغا يېتەل-
مىگەن بولسىڭىز، ئەگەر سىز خىزمەت تاپالماي قالغان
بولسىڭىز، ئەگەر سىز ئوڭۇشسىزلىق ۋە زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغان بولسىڭىز، ئەگەر سىز نامرات ۋە چەت جايلار-
غا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان بولسىڭىز، ئەگەر سىز مۇ-
ھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىڭىز، ئەگەر
سىز.... بۇ چاغدا يالغۇزلۇق سىزگە قىلىنغان ئەڭ ياخشى
سوۋغات بولالايدۇ. بەلكىم يالغۇزلۇقتا ئوخشاش كىشىلىك
ھاياتنىڭ باشقىچە «بايلىقى» بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئەڭ ئا-
خىردا سىزدىكى ئاكتىپ ھالەت ۋە يوشۇرۇن كۈچ ھەرى-
كەتكە كېلىپ، سىزنى ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ بولغان بەخت
قىرغىقىغا باشلاپ ئاپىرىشى مۇمكىن. يالغۇزلۇق سىزگە كى-
شىلىك ھاياتنىڭ يەنە بىر مەخپىي يولىنى ئېچىپ بېرەلىشى،
يالغۇزلۇق سىزنى پاك - دىيانەتلىك، مەنىۋى روھقا باي
ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشنى كۆزىتىدىغان بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزگە، تۇرمۇشتىن تەسىرلىنەلەيدىغان قەلبكە، رەڭگا ـ رەڭ تاشقى دۇنيا سىزگە بېرەلمەيدىغان نورمال روھىي ھالەتكە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، شۇنداقلا تەربىيە كۆرگەن ۋە تەمكىن ئادەم بولۇشنى خالىسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز تىپ ـ تىنچ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇڭ! تىپ ـ تىنچ كۇتۇپخانىڭىزغا بېكىنىۋېلىپ كىتاب ئوقۇپ، ئىنسانلارنىڭ تارىخىنى چۈشىنىڭ، تەسىرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇڭ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇزىكىلارنى ئاڭلاڭ، پەن ـ تېخنىكا كىتابلىرىنى ئوقۇڭ، سەنئەتنى چۈشىنىڭ، مانا بۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى ھۇزۇر ئېلىش دەيمىز. كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر دەرسلىك، ھەر بىر ياخشى كىتاب بىزنىڭ قەلبداش دوستىمىز، كىتاب ئوقۇپ كىشىلىك تۇرمۇشتىن تەسىرلىنىڭ، كىتاب ئوقۇش بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر بىر قەدەمنى ياخشى ئېلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. كىتاب يول، كىتاب كۆۋرۈك، كىتاب چىراغ، كىتاب يەلكەن، كىتاب ئوقۇش كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆز ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك سەنئەت، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشنى تېخىمۇ رەڭدار قىلالايمىز. مەيلى شېئىر بولسۇن، تارىخ، پەلسەپە ۋە ياكى كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەر بولسۇن، سىز باھار پەسلىدىكى گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىدا، ياز پەسلىدىكى دەرەخ سايىسىدا، كۈز پەسلىدىكى سەلكىن شامالدا، قىش پەسلىدىكى ئىسسىق ئۆيدە قولدىن چۈشۈرمەي بېرىلىپ كىتاب ئوقۇڭ، يازغۇچىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆز ـ ئىبارىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىڭ، ئاددىيلىق ئىچىدىكى تۇرمۇش چىنلىقلىرىنى ھېس قىلىڭ، خىيال قۇشلىرىڭىزنى ئۆز قەلب دۇنيايىڭىزدا پەرۋاز قىلدۇرۇڭ. ئەنگلىيە پەيلاسوپى باكۇن «تارىخ ئوقۇش ئادەمنى ئاقىلانە قىلىدۇ، شېئىر ئوقۇش ئادەمنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، ماتېماتىكا ئادەمنى ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان قىلىدۇ، ئىلىم ـ پەن ئادەمنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئەخلاق ئادەمنى تەمكىنلەشتۈرىدۇ، مەنتىقە ۋە مەنتىقىلىق ئىستىلىستىكا ئادەمنى ناتىقلاشتۇرىدۇ» دېگەن. پەقەت كىتاب ئوقۇشلا بىزنى مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا يۈزلەندۈرىدۇ، دەۋرنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىشىدەك خىرىسلارغا بىمالال تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىدۇ، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىقلا ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادچانلىق ھاياتىي كۈچىگە ئىگە بولالايمىز، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى ئۆتكۈرلاشتۇرالايمىز. كىتابنىڭ خۇش پۇرىقىنى قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا تاراتقىنىمىزدا، كىتابنىڭ لەززىتى بىلەن قەلبىمىزدىكى يەڭگىلتەكلىك ئىللەتلىرىنى قوغلاپ چىقارغىنىمىزدا، ئاندىن تىپ ـ تىنچ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرجەملىك ۋە قانائەتكە ئېرىشەلەيمىز.

ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، تۇرمۇشتىن ھەقىقىي بەھر ئالىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن يېتەرلىك ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇشىمىز، يەنى ياش ۋاقتىمىزدا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىشلەپ ۋە پۇل تېپىپ، ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنى قىلالايمىز. بوش ۋاقىت ۋە بەھرلىنىش ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى ئادەمنى مەمنۇن قىلىدۇ، يەنە بىر خىلى ئادەمنى ئازابلايدۇ. مېنىڭچە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى باي بىلەن بېلىقچىنىڭ ئاپتاپسىنىش ھېكايىسىنى بىلىسە كېرەك؟ بىراق كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشىنىپ، باي بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تۇرمۇشتىن بەھر ئېلىشقا باشلاپ، دېڭىز بويىدا ئاپتاپسىنغان؛ بېلىقچى بولسا ھەر كۈنى بۇ خىل ھوزۇردىن بەھرلەنگەن دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى باي بىلەن بېلىقچىنىڭ ئاپتاپسىنغاندىكى ھېسسىياتى ئوخشاش ئەمەس. باي بولسا بوش ۋاقتىدىن بەھرلەنگەن، بېلىقچى بولسا بۇ خىل بوش ۋاقىتتىن بەھرلىنەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسى يەنىلا ئەتە ياكى ئۈنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ بېلىق تۇتالامدىمەن ـ يوق؟ قورسۇقۇم ئاچ قالماس ھە؟ كەلگۈسىدە قانداق قىلارمەن؟ ئەگەر خوتۇن ـ بالىلىرىم ئاغرىپ قالسا، كۈنۈم تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتەرمۇ؟ دېگەندەك تۇرمۇش ئەندىشىلىرى بىلەن تولغان. ئىشى بولمىغان ئارام كۈنلىرى پۇلى بار ئادەملەر ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ھۇزۇر، ئەمما تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن يۈرگەن ئادەملەر ئۈچۈن بىر خىل قورقۇنچلۇق ئازاب. يەر شارى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قۇياش بولمىسا، يورۇقلۇق، رەڭگا ـ رەڭ دۇنيا، ھاياتلىق مەۋجۇت بولمايدۇ. ئادەم ئۈچۈن

ئېيتقاندا، ئۆزئارا بەھر ئېلىش بولمىسا، ھەمكارلىق ۋە ئىلگىرىلەش مەۋجۇت بولمايدۇ. بەھرلىنىشنى قەلبنى يورۇتقان قۇياش نۇرى، قار - مۇزلارنى ئېرىتكەن ئىللىق ھاۋا، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆۋرۈكى دېيىشكە بولىدۇ. بەھرلىنىش بىر خىل روھ بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىشىمىز ۋە قەدىرلىشىمىز كېرەك. بەھر ئېلىشنى ئۆگىنىۋالغاندا، ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتى ۋە ھېسسىياتىنى بەلگىلىك ھاۋالىگە ئىگە قىلىپ، جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا توغرا پوزىتسىيەدە بولۇپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا ياخشى مۇئامىلە قىلالايمىز. بەھر ئېلىشنى ئۆگىنىۋالغاندا، ئاددىيلىقنى چۈشىنىپ، ئاددىيلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان بولىمىز. ئەقىل تەپەككۇرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، گۇمان ۋە تالاش - تارتىشلاردىن خالىي بولالايمىز. بەھر ئېلىشنى چۈشەنگىنىمىزدە پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا، ئۈمىدسىزلىكتىن ئۈمىدۋارلىققا قاراپ يۈزلىنىمىز. بەھر ئېلىشنى ئۆگىنىۋالغاندا، قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ، قولىمىزدىكى ئەتىرگۈلنى باشقىلارغا بېرىۋەتسەكمۇ، قولىمىزدا خۇش ھىدى قالىدىغان بولىدۇ. باشقىلاردىن زوق ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، باشقىلارغا يېقىنلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىش، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىگە كۆنۈش كىشىلىك ھاياتتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم دەرسلىك بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنى ئوچۇق - يورۇق قىلىپ، باشقىلارغىمۇ، ئۆزىمىزگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ھەممە ئىشتا قىلنى قىرىققا يېرىش، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش سالاپىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزۈپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئەكسىچە، ئۆز ئارا يول قويۇش، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈش، ھەر ئىككى تەرەپكە بەخت يارىتىش، بىزنى قوش ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدۇ.

مەيلى تەبىئەت دۇنياسى بولسۇن ۋە ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتى بولسۇن ئوخشاشلا قوش مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەقىل - ئىدراككا موھتاج. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقى ئاساسىي جەھەتتىن گىرەلەشمە بولۇپ، سىز مەن بىلەن، مەن سىز بىلەن ئۆزئارا ئالاقىدا بولۇپ، مۇناسىۋەتلىرىمىز گىرەلىشىپ، بەزىدە ئۆزئارا بىر - بىرىمىزنى سىغدۇرۇشۇپ، بەزىدە بىر - بىرىمىزگە زىيان يەتكۈزۈپ ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشلا بىزنى ئىناقلىققا يېتەكلىيەلەيدۇ. بەھر ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش سىزنى تۇرمۇشتىكى مېھرىبان ئادەمگە، خىزمەتتىكى ئەقىللىق ئادەمگە، ھېسسىياتتىكى كۆيۈنگۈچىگە ئايلاندۇرىدۇ. قىسقىسى، تۇرمۇشتىكى، خىزمەتتىكى ۋە ھېسسىياتتىكى ھەر بىر كۈن، ھەر بىر ئىشتىن ئىخلاس بىلەن زوق ئالسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ بايلىق ۋە خۇشاللىقلارغا ئېرىشىپ، تېخىمۇ شاد - خۇرام ياشىيالايسىز.

4. قەلبىمىزنى ئاپتاپتەك تۇتۇپ، كۆكسى - قارنىمىزنى ئىللىقلىققا تولدۇرۇپ، رېئاللىق ئىچىدە ياشايلى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە نېمە بولسا، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزمۇ شۇ نەرسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قەلبى مېھىر - مۇھەببەت، يورۇقلۇق، رازىمەنلىك بىلەن تولغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئىللىق، تەسىرلىك بولىدۇ. ئەكسىچە، بىر ئادەمنىڭ قەلبى ئۆچمەنلىك، نارازىلىق، تەشۋىش بىلەن تولغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز سوغۇق بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئارتۇقچىلىقلار بىلەن كەمچىلىكلەر مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ئۇستاز شىلىڭ يۈن مۇنداق دېگەن: قارىماققا قولدىن بېرىپ قويغاندەك كۆرۈنگەن نەرسىمىز ئەمەلىيەتتە ئېرىشكەن نەرسىمىز بولۇشى مۇمكىن. باشقىلارغا بەرگىنىمىز ئۆزىمىزگە قالدۇرغان نەرسىمىز بولۇشى مۇمكىن. باشقىلارغا بىر جۈملە ياخشى سۆز ئاتا قىلساق، باشقىلارنىڭ بىزگە قايتۇرغان تەشەككۈرىگە ئېرىشىمىز. باشقىلارغا بىر قېتىم تەبەسسۇم ئاتا قىلساق، باشقىلار بىزگە بىر كۈلۈمسىرەش ئاتا قىلىدۇ. باشقىلار ئۇچۇن جان تەسەددۇق قىلالىغان ئادەمنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ، قەلبى شادلىق بىلەن تولغان بولۇپ، شادلىقنى سىزگىمۇ ئاتا قىلالايدۇ. ئۆزىڭىزدە بايلىق بولسا باشقىلارغا بايلىق ئاتا قىلالايسىز، ئۆزىڭىزدە ئەقىدە بولسا، باشقىلارغا ئەقىدە ئاتا قىلالايسىز. بۇ بىر جۈملە سۆز بۇ ئالەمدىكى «پىدا قىلىش» بىلەن «ئاتا قىلىش» ھەققىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خۇددى بىر پەيلاسوپنىڭ ئېيتقىنىدەك: تۇرمۇش ئەينەككە ئوخشايدۇ، سىز ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىسىڭىز ئۇمۇ سىزگە كۈلۈمسىرەپ باقىدۇ، سىز

ئۇنىڭغا ئازاب بىلەن قارىسىڭىز ئۇمۇ سىزگە ئازاب بىلەن باقىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى، ئاپتاپتەك پىسخىكىلىق ھالەتنى يېتىلدۈرۈش ھوقۇقى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز قولىدا بولىدۇ.

بۇ دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەملەرنىڭ ئازابى ئۆزىنىڭ نەزىرىنى يۆتكىيەلمەسلىكى، ۋاز كېچەلمەسلىكى، تەلۋىلەرچە جاھىللىق بىلەن قوغلىشىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. ئازاب كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئەخلەتكە ئوخشايدۇ، ئۇ بىر خىل شەكىلسىز ھالەتتىكى بىئاراملىق، مەيۈسلۈك، ئۆچمەنلىك، غەزەپ قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. تازىلىق ئىشچىلىرى كوچىدىكى ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، يوللارنىڭ ئازادە، پاكىز بولۇپ قالغىنىدەك، ئەگەر سىزمۇ ھەر كۈنى قەلبىڭىزنى يۇيۇپ - تازىلاپ، ئۇنىڭدىكى ئاچكۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك، ئۆزىڭىزنى كەمسىتىش، قايغۇ قاتارلىق ئەخلەتلەرنى تازىلاپ تۇرالىسىڭىز، ئۇ ھالدا سىزنىڭ قەلبىڭىز شادلىق ۋە ئازادىلىككە تولىدۇ. ھاياتىمىز ئۆز ئۆزىمىز بىلەن، شۇنداقلا تۇرمۇش ۋە خىزمىتىمىز بىلەن چىقىشالماسلىق بىلەنلا ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ. بىز ئۆتمۈش ئىچىدە ياشىماسلىقىمىز، شۇنداقلا كەلگۈسى ئىچىدىمۇ ياشىماسلىقىمىز، بۈگۈننى چىڭ تۇتۇپ، رېئاللىق ئىچىدە ياشىشىمىز كېرەك. تۈنۈگۈن يوقىتىپ قويغان نەرسىلىرىمىز ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز، شۇنداقلا ئۈمىدىمىزنى ئەتىگىلا باغلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك، ئەگەر كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ بىر دەقىقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى ھەر بىر ئىشىمىزنى ياخشى بېجىرەلىسەك، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىغا جەزمەن ئېرىشەلەيمىز. ھازىر تۇرمۇش شارائىتىمىز، ماددىي ئاساسىمىز خېلى ياخشىلىنىپ قالدى، بىزنىڭ دەۋر بىلەن، جەمئىيەت بىلەن، ئۆزىمىز بىلەن چىقىشالماي ئۆتۈشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. غەمكىنلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈشكە تېخىمۇ ئاساسىمىز يوق. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر سۇ شى «ئادەم ئازاب بىلەن خۇشاللىقنىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ، ئايىنىڭمۇ خىرەلىشىدىغان، نۇرلىنىدىغان، تولىدىغان، كەمتۈكلىشىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئەزەلدىن تۇققۇزى تەل بولغان ۋاقتى بولمايدۇ» دېگەن. غەم - قايغۇ ۋە ئازاب كۆپىنچە ھاللار-دا كىشىلەرنى تۇرمۇشتىن بىزار قىلىپ، تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن قاقشايدىغان، تۇرمۇشنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن زارلىنىدىغان، باشقىلارنىڭ ئامىتىگە تەلمۈرىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش يەنىلا تۇرمۇش، بۇ يەردىكى مۇھىم ھالقا سىزنىڭ ئۇنىڭغا قايسى نۇقتىدا تۇرۇپ، قانداق پوزىتسىيە بىلەن قارىشىڭىزدا. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى ۋە خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە ياقمايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. دۇنيا ئەزەلدىنلا مۇكەممەل بولغان ئەمەس، رەڭگا - رەڭ دۇنيادا ھەممە ئىشلارنىڭ تۇققۇزى تەل بولۇشى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كەم - كۈتۈسىز مۇكەممەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئىرادىلىك كىشىلەردە غەيرەتنىڭ، غەيرەتلىك كىشىلەردە كۈچنىڭ، كۈچلۈك كىشىلەردە پۇلنىڭ، پۇلدار كىشىلەردە ھېسسىياتنىڭ، ھېسسىياتلىق كىشىلەردە مۇھەببەتنىڭ، مۇھەببەتلىك كىشىلەردە پۇرسەتنىڭ، پۇرسەتكە ئېرىشكەن كىشىلەردە نېسىۋىنىڭ، نېسىۋىگە ئېرىشكەن كىشىلەرگە بىر ئۆمۈر تىنچ - خاتىرجەم ئۆتۈشىنىڭ نېسىپ بولۇشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە، ئادەم ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى بىر خىل ھەقىقىي، ئاددىي ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىچىدە ئۆتىدۇ. يۇقىرى مائاشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن يۇقىرى سەجىللىقتىكى خىزمەت مىقدارى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن باشقىلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە جاپا تارتىشقا، ئەتراپىتىكى نۇرغۇنلىغان خىرىسلارغا ۋە نازارەتچى كۆزلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. سىز ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەي باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن ھالىتىڭىزدىمۇ، ھېچ چۈشىنىپ بولمايدىغان ئەيىپلەشلەرگە دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا كىشىلىك ھاياتتىكى كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلەرگە قارىتا بىر ئادەمنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەتلا ئۆزى ئۆزگەرتەلەيدىغان تەرەپلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزگەرتىپ، جەمئىيەتكە، مۇھىتقا ماسلىشىش. ئۆزى ئۆزگەرتەلمەيدىغان تەرەپلەرگە بولسا بويى سۇنۇپ ماسلىشىشقا، سوغۇققانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنگلىيە يازغۇچىسى گېئورگى بېرنارد شاۋ: «ئاقىل ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ مۇھىتقا ماسلىشىدۇ، ئەقىلسىز ئادەملەرلا مۇھىتنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ» دېگەن. ئادەمنىڭ

دۇنيادا بىر كۈن تىرىك ياشىشى ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك بەختى، شۇڭا ھەر بىر ئادەم ھەر بىر كۈننى قەدىرلەپ، ھەر بىر كۈننى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بىر ئادەم پۈتكۈل زېھنىنى باشقىلارغا دىققەت قىلىشقا سەرپ قىلىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمىسا، ھەتتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ ئادەم چوقۇم خۇشاللىقتىن مەھرۇم قالىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىيگۈدەك ئايىغىڭىزنىڭ يوق يالاڭ ئاياغ قالغانلىقىڭىزدىن زارلاۋاتقان ۋاقتىدا، بەزى ئادەملەرنىڭ ئاياغ كەيگۈدەك پۇتىمۇ يوق (مېيىپ) ئىكەنلىكىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. بەزىدە كىشىلەر قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە زەربىگە ئۇچرىغان ۋاقتىدا، ناھايىتى ئاسانلا زىددىيەتنىڭ تىغ ئۇچىنى باشقىلارغا قارىتىپ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرمەيدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بىز دائىم تۈرلۈك - تۈمەن قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىكلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز، ئەمما بىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر ۋاقىت ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەككى، پەلەكنىڭ تەتۈرلىكىدىن، تەلىيىمىزنىڭ كاجلىقىدىن غودۇرىماسلىقىمىز لازىم. باشقىلارنىڭ قانداق باھا بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىخلاس بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ يولىنى ماڭساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلساق كىشىلىك تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ بېيىپ، راۋانلىشىپ، شاد - خۇراملىققا تولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش ھەر بىر ئادەمنى ئۈمىدسىز قالدۇرغان ئەمەس، بىز چوقۇم سېلىشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ باشقىلار بىلەن ناتوغرا رىقابەتلىشىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بۈگۈنى بىلەن تۈنۈگۈنىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىمىزدىكى ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزگىرىشلەردىن خۇشاللىق تېپىش دېگەنلىكتۇر؛ ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئىچىدىكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يورۇق نۇقتىلارنى كۆرەلىسە، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۆزگەرگەنلىكى، كۈنلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالىسا، يەنە قانائەت ھاسىل قىلمىغۇدەك نېمەمۇ قالسۇن دەيسىز؟ ئەگەر ھەر بىرىمىز پىسخىكىلىق ھالىتىمىزنى تەڭشەپ، ئۆز جىسمىمىزنىڭ ئىناقلىقىنى، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرالىساق، شۇ ئاساستا مۇھىت بىلەن دوستانە ئۆتىدىغان جەمئىيەت ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشساق، بىزنىڭ قەلبىمىز ۋە جەمئىيىتىمىز مۇقەررەر ھالدا ئاپتاپقا چۆمىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

1. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

2. ئەسەرلەردە ئېلان قىلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت - ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. يېزا - قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان - رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر - جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

5. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

7. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ داستىخان بېزەپچىلىكى بار ئۆي — چۈنەن بىلەن چاشقاننىڭ، ۋىجدان قەھەتچىلىكى بار ئەل — ھۇرۇن بىلەن نادانىنىڭ ماكانىدۇر.

▲ تىكەنلىك چىتلارنى تولا ئاتلىغان توشقان سەزگۈر كېلىدۇ، خەتەرلىك يوللارنى كۆپ باسقان ئىنسان باتۇر كېلىدۇ.

▲ بۈگۈنكى بىر قىسىم يەرلەر خىمىيەلىك ـ تالاغا بۇلغىنىپ ھوسۇلسىز، بۈگۈنكى بىر قىسىم ئەرلەر كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ غورۇرسىز بولماقتا.

▲ تاغ باغرىدا تۈلكىنىڭ ئۇۋىسى، ئېشەك بازىرىدا بىدىكىنىڭ ھېلىسى تولا.

▲ ئەقىل ـ تەدبىر بىلەن قىلغان ئىشنىڭ چالىسى يوق، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قىلغان ئىشنىڭ پايدىسى (يوق).

▲ سىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان تىل — سىنى دەسسەپ ئۆلتۈرىدىغان پىل.

▲ مۈشۈك بار ئۆيدىكى چاشقاننىڭ، ئېيىق بار تاغدىكى توشقاننىڭ كۈنلىرى تەشۋىشلىك.

▲ تېخنىكىسىز دېھقان تېرىغان يەرنىڭ بودۇشقاق — تىكەنلىرى، تەجرىبىسىز نادان باشقۇرغان ئەلنىڭ ئۇرۇشقاق، دۈشمەنلىرى تولا.

▲ بالاڭ نادان بولسا جەمەت — قوۋمىڭنىڭ ھۆرمىتىنى، كالاڭ يامان بولسا ئېغىلىڭنىڭ سۈۋۈقىنى قويماس.

▲ ئوغرى قوشناڭ كۆچكەندە داڭقلاپ، يامان دۈشمىنىڭ ئۆلگەندە يىغلاپ ئۇزات.

**تۇردى ئالاۋۇش**

ئاپتور: كوچا ناھىيەلىك خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان.

▲ پۇۋلەپ ئۇچۇرۇلغان شارلار ھامان ئېتىلىپ كېتىدۇ.

▲ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي روھ بىر مىللەتنىڭ كرىزىس دەۋرىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئاساستۇر.

▲ مەرىپەت بىلەن پەزىلەت — مىللەت تەرەققىياتىنى يۈكسەكلىك ئاسمىنىدا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتلىك پەرۋاز قىلدۇرىدىغان تەڭداشسىز ئىككى قانات.

▲ دۇنيادا ئىنسانىنى پۇشايمانسىز ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ خاسىيەتلىك پائالىيەت — ئۆگىنىشتۇر.

▲ بىز دائىم «مەغلۇبىيەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دەيمىز، مېنىڭچە «مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىش — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دېسەك توغرا بولامدىكىن دەيمەن.

▲ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاغرىقنى داۋالىماقچى بولساڭ دوختۇرخانىغا يۈگۈر، روھىي جەھەتتىكى ئاغرىقنى داۋالىماقچى بولساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا نەزىرىڭنى ئاغدۇر.

**ئەنۋەر ئۆمەر**

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كۈيتۇن ئوقۇتۇش رايونى 2009 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇر كۆزى

## ھاياتتىن ھاسلات

▲ ھىلىگەر كىشىلەر ئاشكارىدىن قورقىدۇ، سەممىي كىشىلەر خۇپپىياندىن قورقىدۇ.

▲ ئىناقلىق شەرتى — كەڭ قورساق بولۇش، كەڭ قورساقلىق شەرتى — پۇرسەت تەڭ بولۇش.

▲ تەرەققىياتنىڭ شەرتى — ئىلىملىك بولۇش، ئىلىملىك شەرتى — ئىلىمگە ئىشتىياق بولۇش.

▲ دانالار مۇنازىرىسى — ھېكمەت كەلتۈرەر، نادانلار مۇنازىرىسى كۆلپەت كەلتۈرەر.

▲ ئىلىمنى بايلىقتىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلار — دانالاردۇر.

**مۇھەممەت ئىمىن مەھمۇد**

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى قىزىلدۆۋە يولى 155 - قورۇ، قەشقەر ماڭارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيونېرى

## كەلمەيدۇ ھايات ئىشكىنى چېكىپ

▲ ھاياتتا ئۆزىنى ئالداپ ياشاشتىن ئارتۇق ئازاب يوق.

▲ ھاياتنى رەڭدار بويىما، ھايات سەممىي يۈرىكى بىلەن ئۆز رەڭگىنى ھامان جۇلالىق نۇر بىلەن نامايان قىلىدۇ.

▲ ئادەملەر ئالدانغانلىقى ئۈچۈن ئالداشنى ئۆگەنگەن.

▲ تۇغقان بالا ئۆزۈڭنىڭ بولغىنى بىلەن، تۇتقان يولى باشقىلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن.

▲ ھەر بىر كۈن ئىنسان ئۈچۈن يېڭى بىر ئۈمىد، بۇ ئۈمىدنى كۆرەلىسەڭ بەختنىڭ كۆرەلىگەن بولىسەن.

▲ قىيامەتنى كۆرمەكچىمۇسەن؟ نامراتلىقنىڭ ئۆزى بىر قىيامەت.

▲ ئېرىشىشلا ئەمەس، بەخش ئېتىشمۇ بىر بەخت.

▲ باشقىلار بىلىم بىلەن سەھنىگە چىقسا، بىز ناخشا ئۇسسۇل بىلەن چىقۋاتىمىز.

▲ بىز كۆپ ھاللاردا خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ئاندىن ھەقىقەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئىزدەيمىز.

▲ كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۆھرەت قازانغانلار بىلەن مەغلۇب بولغانلار.

▲ مەن بىر بەختلىك ئايال، بەختىم بەختسىزلىكىمگە باغلانغان. مەن بىر بەختسىز ئايال، بەختسىزلىكىم بەختىمگە باغلانغان.

## مۇھەببەتتىن يىراق بىر جايدا...

▲ بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز ھەممىگە كۆنگەنلىكىمىزدە.

▲ قۇياش ئىللىقلىقى بىلەن، ئىنسان ئىنسابى بىلەن گۈزەلدۇر.

▲ ئادەم بولۇش مۇھىم ئەمەس، ئادەمىيلىك يولىدا مېڭىش مۇھىم.

▲ چىرايلىق ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى، بىراق چىرايلىق ئىشلار ئازىيىپ كەتتى.

**شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام**

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە موڭغۇلكۈرە بازار 3 - رايون ئاھالىلەر كومىتېتىدىن

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ مېنى پۇل بىلەن ئەمەس، ئىلىم بىلەن؛ شۆھرەت بىلەن ئەمەس، ئەخلاق بىلەن؛ ئاتالمىش مودىلىشىش بىلەن ئەمەس، ئىمان - ئېتىقاد بىلەن چوڭ بولۇشۇمغا نېسىپ قىلغان سۆيۈملۈك ئائىلەمنىڭ ئاددىيلىقىدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدارمەن.

▲ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ھاڭ بار، بۇ ھاڭغا چوڭ كۆۋرۈكتىن بىرنى سالغان ئادەم بۇ دۇنيا — ئۇ دۇنيادا بەختكە ئېرىشەلمىسىمۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتكە نائىل بولالايدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا ئىككى نەرسە سېنى ئاسانلا ئازدۇرالايدۇ. بىرى مەنسەپ، يەنە بىرى پۇل. بۇ ئىككى نەرسىگە توغرا تەبىر بەرگۈزمەيۋاتقىنى ئاشۇ نومۇسسىز شەيتان.

▲ بىرىنچىلىكنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاقلانە يولى شۇكى، بىرىنچىلىككە بىر قەدەم قالغان ئىقتىدارنى ھازىرلىغىن، بۇنداق بولغاندا ۋاقتى كەلگەندە بىر كۆچەپلا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتەلەيسەن!

▲ ناچار مۇھىت غايىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، ئىدىيەنى چاكىنىلاشتۇرىدۇ.

▲ ئەرزىيدىغان ئىشلار ئۈچۈن قان ئاققۇزسالىڭ مەيلىكى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ياش ئاققۇزما.

▲ ئوغۇللىرى ئىرادىلىك، غۇرۇرلۇق؛ قىزلىرى ئىپپەتلىك، ۋاپادار؛ ئوغۇل - قىزلىرى بىلىملىك بولغان مىللەتنىڭ تەقدىرى نۇرلۇق بولىدۇ.

▲ تام ئالدىدىكى مەغلۇبىيەتنى باغاشلىيالىغانلار، تام ئارقىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەر.

▲ ئۆزۈڭنى ھەقىقىي تاۋلاپ، يېتىلدۈرمەكچى بولساڭ، كۈچلۈك ئەمما دانا رەقىبتىن بىرنى تاپ.

▲ ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆگەنگەنلەر ئەقىللىقلەر، ئۆزگىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگەنگەنلەر ئادەتتىكى كىشىلەر، يا ئۆز تەجرىبىسىدىن، يا باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگىنەلمىگەنلەر ئەخمەقلەر.

▲ ئۈمىد نۇرى كۆرۈنمىسە ئالدىمىزغا بىر قەدەم سىلجىيلى، يەنە كۆرۈنمىسە يەنە بىر قەدەم سىلجىيلى، بۇ نۇرنىڭ كۆرۈنمەسلىكىگە ئىشەنمەيمەن.

▲ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن كۆزۈڭنى ئاچقىن، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال بىر كۈنلۈك ئىشىڭنى ئويلاپ چىققىن، بوشاڭلىق قىلىدىغان زامانىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

▲ سەگەك ياشا — بەگەدەك ياشا، ئالتۇنىڭنى ياخشىلىققا تىگەش.

ھەزرىتى ئەلى ماموت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى قانۇن فاكۇلتېتى ئەدلىيە ياردەمچىلىكى 2010 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## كۆڭلۈمدىكى گەپلەر

▲ مۇنداق ئۈچ خىل ئادەم قارغىشتا ئۆلىدۇ. بىرى، ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىغان ئادەم، يەنە بىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەن ئادەم، ئۈچىنچىسى، قولۇم - قوشنىلىرىغا ئارامچىلىق بەرمەي ئورا كولايدىغان ئادەم.

▲ ئىنسانغا بەخت - سائادەت كەلتۈرگۈچى گۈزەل خىسلەتلەر: شەرمى - ھايالىق بولۇش، نەپسىنى يىغىش، ئىلىم ئۆگىنىش، تىرىكلىكنى غەنىيمەت بىلىش، راست سۆزلەش، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش ۋە باشقىلارنىڭ ئازارلىرىغا سەبرى قىلىش، ياخشىلار سۆھبىتىدە بولۇش.

▲ ... يەنىلا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى — غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغاتقۇچى تاڭ خورىزىدۇر.

▲ ئائىلىسىنى سۆيمىگەن ئادەم ۋەتىنىنى سۆيمەيدۇ، چۈنكى، ئائىلىمۇ بىر «ۋەتەن» دۇر.

▲ دوستىغا ئىشەنچ قىلمىغان ئادەم، دوستىغا قەست قىلماي قالمايدۇ.

▲ ئاياللاردا ئىپپەت - نومۇس قارىشىنىڭ يوقىلىشى، ئەرلەردە ئەركەكلىكنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر.

▲ جەمئىيەتتە رەزىل ئادەملەر يوقالماي تۇرۇپ ساپ دىل، غۇرۇرلۇق، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ئاراملىق بولمايدۇ.

▲ تەپەككۇر قىلىشتىن توختىغان ئادەم ئۆلگەن بىلەن باراۋەر.

▲ ئەرلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنۇتقاندا، ئاياللار ئەرلەرنى باشقۇرىدۇ.

▲ ئادەمدە ئادىمىيلىك خىسلەت بولمىسا، ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟!

▲ مۇھەببەتنىڭ قەدرى - قىممىتى يوقالغان يەردە ئالدامچىلار كۆپىيىپ كېتىدۇ.

▲ مىللەتنىڭ ۋىجدانى بولغان يازغۇچى - شائىرلار ساختىلىققا يۈزلەنگەندە، شۇ مىللەتتە راستچىل، سەممىي ئادەملەر ئازلاشقا باشلايدۇ.

▲ ياشلىقتىكى ئەجىر - مېھنەتتىن خۇشپۇراق گۈللەر ئېچىلىدۇ، قېرىلىقتىكى پۇشايماندىن ھەسرەت - نادامەت داغلىرى قالىدۇ.

▲ پەزىلەتلىك ئايال — ئەرنى كۆكلىتىدىغان مۇنبەت تۇپراق؛ پەزىلەتسىز ئايال — گىياھ ئۈنمەيدىغان شورلۇق، زەيكەش يەر.

▲ ئەقىدىسى بولمىغان ئادەمدە ۋىجدان بولمايدۇ، ۋىجدانى بولمىغان ئادەمدە نومۇس بولمايدۇ، نومۇسسىز ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر - ھەر بالالار كېلىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى — قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدىغان دەرسخانا.

▲ ئائىلىدە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشى شۇ ئائىلىنىڭ قىيامىتىدۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئە- چىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرەلىگەن ئادەم ـــ ئادىمىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان بىلەن باراۋەردۇر.

**مۇھەممەدجان تىلىۋالدى**

ئاپتور: پەيزىئاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە، دېھقان.

## تەپەككۇر گۈلشەنىدىن تامچىلار

▲ ھەر قانداق ئىشتا رىقابەتچىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن قورقما، پەقەت ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭنىڭ كەملىكىدىن قورق.

▲ ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتى بۇلغانغاچقا، ئاندىن ئانىمىز بولغان تەبىئەتمۇ بۇلغانماقتا.

▲ پەقەت ئەخمەق كىشىلەرلا باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ماختاشلىرىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنى ماختاشقا ھېچقانداق دەسمايە كەتمەيدۇ.

▲ بەزى ۋاقىتلاردا تەنھالىقمۇ، سۈكۈتمۇ كىشىگە ئۆ- زىنى تونۇش، چۈشىنىش پۇرسىتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئىشلاردا ئويلىنىۋېلىش، ئۆزىنى سالماق تۇتۇش، ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئادەمدىكى تەشۋىشلىك تۈيغۇسىنى تۈگىتىدۇ.

▲ ئىدىيەدىكى سۈرەلمىلىك ئىنكاستىكى سۈرەلمىلىك- نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنكاستىكى سۈرەلمىلىك ھەرىكەت- تىكى سۈرەلمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرىكەتتىكى سۈ- رەلمىلىك باشقىلاردىن كېيىن قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش بىر ئادەمگە تەدبىقلانسا، ئۇ ئادەم ئالغا با- سالمايدۇ ياكى رىقابەتتە شاللىنىپ قالىدۇ؛ مىللەتكە تەدبىق- لانسا، مىللەت ئۇزاققا بارمايلا ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ.

**ئابدۇقەييۇم ئابدۇرەھىم**

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئو- قۇتقۇچى.

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ زىيادە جاھىللىق ئادەمنى ئاۋۋال يالغۇزلۇققا، كېيىن چۈشكۈنلۈككە، ئەڭ ئاخىرىدا ھالاكەتكە ئاپىرىدۇ.

▲ كىشىلىك قەلبىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، روھىڭ مەشئەلدەك نۇرلۇق بولسۇن!

▲ بىز باشقىلارغا «كەچۈرۈڭ ...» دېگىنىمىزدە ئۆ- زىمىزنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنگىنىمىزنى ياكى يوغانچى- لىق بىلەن بۇيرۇق قىلغىنىمىزنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز لازىم.

▲ دۇنيادىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك بىر ئىپادىلىنىشى بار. ئۇ بولسىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۆڭۈلنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىدا ساقلاشتۇر.

▲ غايە قانچە ئۇلۇغۋار بولسا تۆلەيدىغان بەدەلنىڭ ۋەزنىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ.

**تۇقىز ئابلەت**

ئاپتور: قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## قەلب فونتانلىرى

▲ ئېھ دىلبەر، كىرپىكىمگە ئېسىلغان كۆمۈش ئۇنچە- چىلەرنى كۆرۈپ، ھەرگىزمۇ ۋىسال مايسىلىرىنى جۇدالىق چاقماقلىرى سوققان چېغى، دەپ ئويلاپ قالما، چۈنكى كۆز يېشى پەقەت ئازابنىڭلا شاھىدى ئەمەس.

▲ ئېھ دوستۇم، سەن ھايات قەدرىگە سەكراتقا چۈش- كەندىلا يېتىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن!

▲ سېنىڭ باشقىلاردىن ھۆرمەت ـ سالام تەلەپ قىلغاز- لىقىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنى باشقىلاردىن نەقەدەر تۆۋەن كۆ- رىدىغانلىقىڭنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر.

▲ ھەسەتخورلۇق ـــ ئەقىلنى خورىتىدىغان، تۈيغۇ- نى گاللاشتۇرىدىغان، ئىرادىنى بوشاشتۇرىدىغان، كېلەچەك- نى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، ئىستىقبالنى تۇمانلاشتۇرىدىغان، ئەقىدىنى چىرىتىدىغان، ئىنسانىي ھېسسىياتنى بۇلغايدىغان يوشۇرۇن ئاپەتتۇر.

▲ ئىنسان ئابرۇيى ـ يۈزى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل كۆزى بىلەن بەختلىكتۇر.

▲ مۇبادا سەن ھېسسىياتىڭنىڭ قۇلى بولۇشنى خالى- ساڭ، ئەقىدە ۋە ئىستىقبالىڭنى قۇربان قىل؛ ئەگەر ھېسسىيا- تىڭنى قۇل قىلىشنى ئويلىساڭ، ئۇمىد ۋە شىجائەتنىڭ قۇربا-

نى بول.

▲ سەن سۆيگۈ يالقۇنىنىڭ ئاتەش تەپتىدە ئازابلىنىپ، ئاچچىق ياش تۆككەندىلا، ئاندىن ئۆز سۆيگۈڭگە قانچىلىك ساداقەتمەن ئىكەنلىكىڭنى جەزىملەشتۈر.

**ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي**

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە، خىزمەتچى.

## تەپەككۇر تۈيغۇلىرى

▲ ھالالدىن پۇل تېپىپ بېيىشنى ئويلامسىز؟ ئۇنداقتا ئاۋۋال ئۆزۈڭىزدە پۇلنى قىشتا كاچكۇلغا، يازدا يۇقىرى ھارارەتلىك تونۇرغا چۈشۈپ ئالالايدىغان جاسارەت ۋە پاراسەتنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى دەڭسەپ كۆرۈڭ.

▲ ئاتاش ـ چاقىرىش ئادەتلىرىمىز بارغانسېرى سىلىق، يۇمشاق، ئەكسىچە، رىقابەت ئېڭىمىز بارغانسېرى كۈچلۈك، باغرىمىز بارغانسېرى قاتتىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ يۇرت بىلەن يۇرت ئارىسىدىكى يوللار ياخشىلىنىپ ۋە يېڭىدىن ياسىلىپ، ئارىلىق قىسقىراۋاتىدۇ، بىراق قەلب بىلەن قەلب ئارىسىدىكى يوللار تارىيىپ، ھەتتا ئېتىلىپ، ئارىلىق يىراقلىشىۋاتىدۇ.

**ئالىم ئەمەر**

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيەلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

## تەپەككۇر ئۆتەڭلىرى

▲ تەدبىرسىز ئادەملەر «تەقدىر» دېگەن گەپنى ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدۇ.

▲ «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ» دېگەن گەپكە «باشقىلارغىمۇ قىلىدۇ» دېگەننى قوشۇپ قويۇش كېرەك.

▲ ئىجتىمائىي شارائىت شۇنداق نەرسە ئىكەنكى، گاچىنى ناتىق قىلىۋېتەلەيدۇ، ناتىقنى مۆرمەس.

▲ ئەلۋەتتە، تۇغقانغا يەتمەيدىغان قوشنا بار، ھالبۇكى قوشنىغا يەتمەيدىغان تۇغقانمۇ بار.

▲ مىلىك خۇشامەتتىن بىر ھۆرمەت ئەلا.

▲ ئادەمنى راۋاج تاپقۇزمايدىغان ئۈچ نەرسە: كەيىپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە غەيۋەت ـ شىكايەت.

**ئابدۇقەييۇم ئەيسا**

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئارال ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ دانالارنىڭ يېقىملىق سۆھبىتى، گويا گۈزەل باغقا ئوخشايدۇ، ئاڭلىغانسېرى ئۆزۈڭنى راھەت ھېس قىلىسەن.

▲ بەخت دېگەن نېمە؟ بەخت دېگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ، ئۆزى تەلەپ قىلغان ھەم ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىگە ئېرىشكەندىكى خۇشاللىقى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مېنىڭ دانا ھەم ۋاپادار دوستۇمدۇر.

▲ ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانى ئايرىپ تۇرىدىغىنى پەقەت بىر تىنىقتۇر.

**ئابدۇجېلىل تۇرسۇن**

ئاپتور: غۇلجا شەھەر «خەلقنى بېيىتىش» بازىرى 2 ـ دۇكاندا تىجارەتچى.

▲ تۇرمۇش ئەسلى بىر گۈزەل ناخشا، ھەر كىم ئۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئۆزى يازىدۇ. سەن ئۇنى خۇنۇك يېزىپ قويۇشۇڭمۇ ياكى ئەسلى ماھىيىتى بويىچە گۈزەل يېزىشىڭمۇ مۇمكىن، بۇ پەقەت سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا باغلىق.

**مەمەتجان ئابدۇكېرىم**

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيە، ئۇچار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ھاراق ئىچىش بىلەن ئىچمەسلىك، قاتار چاي ئويناش بىلەن ئوينىماسلىق مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلالمايدىغان دائىملا ئۇرۇش ـ تالاش قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى لاياقەتلىك تەربىيەلەشتەك ئۇلۇغ بۇرچىنى قانداقمۇ ئورۇندىيالىسۇن؟!

▲ ماگىنتىنىڭ تارتىش كۈچى قالمىغىنىدا تۆمۈرنى

چاپلاپ قويساڭمۇ ئەھمىيىتى بولمىغىنىدەك، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا ھۆرمەت، پەردە شەپ قالمىغاندا مېھىر ـ مۇھەببەتلىك تارتىشىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

▲ بانا ـ سەۋەب كۆرسىتىش نۇرغۇن چاغلاردا ئىقتىدارسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ئۆزلۈكنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى — ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىلىشتۇر.

▲ تەربىيەدە سەۋرچانلىق ھەم كۆيۈم ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل.

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ قانچە چوڭ ئەمەلنىڭ بولسىمۇ، ئادىمىيلىك تەبىئىتىڭنى ئۇنۇتما، كىشىلەر ساڭا ئەمەلىڭگە قاراپ ئەمەس، ئادىمىيلىكىڭگە قاراپ باھا بېرىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ...

▲ «تاشتىن شورپا چىقىرىشتەك» جانباقتىلىق بىلەن «بۇقىنى چىمدىپ ئۆلتۈرۈشتەك» لىگىتاسىملىق ئەڭ قورقۇنچلۇق ياشاش ئۇسۇلى.

**توختىنىياز ئالىم**

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

## تەپەككۇردىن تامغان «ئاقار يۇلتۇز»لار

▲ ھەر قانداق نەرسە ئېھتىياجدىن زىيادە بولسا ئەسلى قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

▲ سۈكۈت قىلىۋېرىش بەزىدە سېنى سۈكۈت قىلىش ھوقۇقىدىنمۇ ئايرىپ قويىدۇ.

▲ ئادەمدە مېھرمۇ، قەھرمۇ بولۇشى كېرەك، شۇندىلا قەلب مۇكەممەللىكىنىڭ شەرتىگە يېقىنلىشىدۇ.

▲ ئازاب مۇنداق ئۈچ خىل بولىدىكەن: بىرىنچى، ئىنسان ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرەلەيدىكەن، لېكىن، ئېرىشىدىغىنى تايىنلىق بولىدىكەن، شۇڭا ئازابلىنىدىكەن. ئىككىنچىسى، ئادەم ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسىگە ئېرىشەلەيدىكەن، لېكىن يەنىلا ئازابلىنىدىكەن. ئۈچىنچىسى بولسا، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسىدىن ئاسانلا ۋاز كېچىدىكەن، كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدىكەن، شۇڭا بۇ ئازاب مەڭگۈلۈك بولۇپ شۇ كىشىنى بىر ئۆمۈر ئازابلايدىكەن.

▲ ئازابىڭنى ئېيتقۇدەك ئادىمىڭ قالمىغاندا ئەڭ يېقىن سىرداش ئادىمىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭنى، خۇشاللىقىڭنىمۇ ئېيتقۇدەك ئادىمىڭ قالمىغاندا پۈتۈن دوستلىرىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن.

▲ غەزەپلەنگەندە مۇلايىم بول؛ ئازابلانغاندا ئىگىز-ماي بېشىڭنى كۆتۈر، شۇندىلا سەن كىشىلىك يولۇڭدا مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيسەن.

**ئابدۇ قەييۇم ماگسۇر**

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى ئېلېكتىر ئۈچۈر قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى 2010 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ مەن ئۇنىڭ قولىغا ئازراق پۇل تۇتقۇزىۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن يىغلاپ سالدى. دەسلەپ، يەتكۈزگەن بۇ «چوڭقۇر مېھىر ـ شەپقىتىم» دىن تەسىرلىنىپ كۆزيېشى قىلىۋاتامدىكىن دەپتىمەن. كېيىن بىلدىمكى، ئەسلىدە خورلۇق ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ يىغلاتقان ئىكەن.

▲ باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭساڭ دائىم ئارقىدا قالىسەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدە بېرىلىۋاتقان ھەر بىر «مېۋە»نىڭ ۋەزنى بىر پارچە ماقالىدىن قېلىشمايدۇ.

▲ ئېتىقادلىق ئادەم سالماق، ئېغىر ـ بېسىق كېلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ روھىيىتى ھەر قاچان توقدۇر؛ ۋەھالەنكى روھى ئاجىز ئادەم خۇددى ئىچىگە يەل بېرىلگەن شاردەك ئانچىكى شامالدىنمۇ نەدىن ـ نەگە ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

▲ كۇنسايىن ئاۋۇپ كېتىۋاتقان داۋالاش ساختا ئېلانلىرى ۋە دورا تەشۋىقاتلىرى ئەمەلىيەتتە، تېخىمۇ كۆپ ساغلام ئادەملەرنىڭ ئاغرىقلار سېپىگە كېلىپ قوشۇلۇشى ئۈچۈن قىلىنغان تەتۈر چاقىرىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ بىز نۆۋەتتە «ئاق ئالۋاستى» دەپ ئاتىۋالغان heroin سۆزى بىلەن «يامان ئايال» مەنىسىدىكى heroine سۆزى ئىنگلىزچىدا ئوخشاش تەلەپپۇزلىنىدىكەن. مۇشۇنىڭغا قاراپ، رىۋايەت، چۆچەكلىرىمىزدە ئادەملەرنى ئازدۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ ھالاك قىلىدىغان جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ساھىپجامال ئايال سىياقىدا تەسۋىرلىنىشىنىڭ بىرەر باغلىنىشى بولسا كېرەك.

▲ ئەرلەردىكى بىكار تەلەتلىك، ھاراقكەشلىك بىلەن ئاياللاردىكى چاكىنىلىق ۋە مودىكەشلىك ئەۋلادلارغا يۇز تۇتۇۋاتقان جىمى پاجىئەلەرنىڭ تۇغۇمچان ئانىلىرىدۇر.

▲ بەزى تاراتقۇلاردا يالغان ـ ياۋىداق، كۆپتۇرمە ھەم ساختا ئېلانلار كۆپ بېرىلگەنلىكتىن، كىشىلىرىمىز ھەقىقىي، ساپ تاۋارلار تونۇشتۇرۇلغان خەۋەرلەرگىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ قېلىشتى.

**ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام**

ئاپتور: نىيە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە، خىزمەتچى.

## تۇرمۇش خاتىرەمدىن ھېكمەتلەر

▲ تۇرمۇش ــ ئۇيۇتۇلغان قېتىق؛ تۇرمۇشقا «كۆنەلگۈ» كېرەك، سېنىڭ كۆنەلگۈنى قانچىلىك سىلىپ، تەمىنى قانداق تەڭشىشىڭ بىر ئۆزۈڭگە باغلىق.

▲ سەن ئۆز ئېغىرلىقىڭنى ئۆلچەش ئۈچۈن، نەچچە قېتىم تارازىغا چىقتىڭ. ئەمما ۋىجدانىڭنى، غۇرۇرۇڭنى ئادىمىيلىك تارازىسىغا سېلىپ باقتىڭمۇ؟

▲ گۈل ياپرىقىنىڭ غازاڭ تۆكۈشىدىكى سەۋەب، پەسىل قامچىسى تەككەنلىكىدە، گۈل بەرگىنىڭ ياش تۆكۈشىدىكى سەۋەب، شەبنەم تامچىسى چۈشكەنلىكىدە.

▲ سەن تەسەللىگە موھتاج ۋاقتىڭدا، ئەڭ ياخشى مەدەتكار ئۆزۈڭ.

▲ غەيۋەتنىڭ يولى كۆپ، ئۆز يولى بىلەن كېتەر؛ ھەسرەتنىڭ يولى يوق، قەلبىڭگە ئىز چېكەر.

▲ يۈز ئابرۇيى تاپاي دېسەڭ، «غەيۋەت» پىلىكىنى تارتما، ئەيىب نۇقسانىڭنى ياپاي دېسەڭ، ئىسراپچىلىق سورۇنىغا بارما.

**ئايگۈل تۇرسۇن**

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەبىئىي پەنلەر فاكۇلتېتى 2010 ـ يىللىق فىزىكا سىنىپىدا

## قەلب چېقىنلىرى

▲ جاھاندا ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلالىغان، قىلالايدىغان ئادەمدىن ئەركىن ئادەم يوق.

▲ ئىنسانلار پۇلنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، بىراق پۇل ئىنسانلارنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەلەيدۇ.

▲ خەقتىن رەنجىمەي، خۇلقىڭدىن رەنجى.

▲ كۆرگەننى ئەمەس، كاللاڭدىن ئۆتكەننى قىل.

▲ تەن ئەزايىڭ ئۆتىسە سالامەت، بۇمۇ بىر خىل يۇكسەك ئىنايەت.

▲ كېسەللىككە ماس كەلگەن دورا، خىزىر سۇپەت كۆرۈنەر گويا.

**ئابلىز ئوبۇلخەيرى مەرپەت**

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنت 143 ـ قورۇدا

▲ ھەر باھاردا بىر تۇپ كۆچەت تىكىپ قوي، ھاياتىڭنى ئاڭا تەققاسلىتىپ قوي.

▲ مەسئۇلىيەتچان دوختۇر ــ كېسەللىككە ئېتىلغان ئوقتۇر.

**ئابۇشۇكۇر قاسىم**

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە قىزىلسۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

## ئەتراپىمىزدىكى «كۆپ ۋە ئاز» غا نەزەر

▲ ئەزەلدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىغان ئەنئەنە بار ئىدى، ھازىر نېمە بولدى دەيدىغانلار بەك كۆپ، ئەمما ئۆزلىرى ھۆرمەتلىنىش يېشىغا بېرىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ مەست ھالەتتە كوچىلاردا مېڭىشتىن ئۇيۇلىدىغانلار بەك ئاز.

ــ ئەمدى ئۇلار بالىلىرىغا نېمە دېيەلىسۇن...؟

▲ ئانىلىرىنى مەدھىيەلەپ يۈرەكلەرنى يىغلاتقۇدەك شېئىر يازىدىغانلار خېلى كۆپ، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە شۇ شېئىرلىرىنىڭ نەچچىدىن بىرىچىلىك راپاۋەت كۆرسىتەلەيدىغانلىرى بەك ئاز.

— شۇڭا بىزنىڭ ھالىمىزغا ۋاي.

▲ يەتتە ئەزايى ساغلام تۇرۇپ بىكار يۈرىدىغانلار بەك كۆپ، ئەمما بىرەر ئىش قىلماي جەمئىيەتكە يۈك بولۇشنى ئۇيات بىلىدىغانلىرى بەك ئاز.

— ئۇلارنى ساخاۋەتچى — سېخىيلار قاچانغىچە يۆلەر؟

▲ جەمئىيەتتە بىكار تەلەتلەر قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپ، ئەمما ئۇنى يارىتىپ ئىشلەيدىغانلار بەك ئاز.

— شۇڭا ئىشتىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشمايدۇ.

▲ ئۆزلىرى ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلار ۋە قىلىشنى خالىمايدىغانلار بەك كۆپ، ئەمما ئۆزلىرى قىلالمىغانلىرىنى باشقىلار ۋۇجۇتقا چىقارسا ئۇنى يارىتىدىغانلار بەك ئاز.

— شۇڭا بارغانسېرى ئارقىدا قېلىۋاتىمىز.

▲ ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ئارقىلىق تارىخىي جەريانلارنى يىغىنچاقلاپ تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلار خېلى كۆپ، ئەمما ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ ئۆز تۇرمۇش جەريانىغا ئۆرنەك قىلىپ تەدبىقلاپ باقىدىغانلىرى بەك ئاز.

— شۇڭا تۈزەلمەيمىز.

▲ بەزى ھاللاردا خىزمەتلىرىمىزنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىمىز دەپ سەرپ قىلىۋەتكەن قىممەتلىك ئاق قەغەزلىرىمىز بەك كۆپ، ئەمما ئۇنىڭغا خاتىرىلەنگەنلىرىنىڭ ئىچىدە ھەقىقىيلىرى بەك ئاز.

— شۇڭا تېخىچىلا نېمىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولالمىدۇق.

▲ مەكتەپلەردە كۈندىلىك مەشغۇلاتلار ئۈچۈن لازىملىقلارنى تولۇقلاپ تۇرۇش كۆپ، ئەمما ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان ۋە ئىگە بولىدىغانلار ئاز.

— شۇڭا دائىملا لازىم بولغاندا پاتىپاراقچىلىق.

▲ ئىدارە، ئورگانلاردا قاتار تىزىۋېتىلگەن ئارخىپ ئىشكاپلىرى بەك كۆپ، ئەمما ئۇنىڭ قايسىسىدا نېمە بارلىقىنى بىلىدىغانلار ۋە كېرەك بولغاندا دەرھال تېپىپ بېرەلەيدىغانلار بەك ئاز.

— سانىنى ئاشۇنداق كۆپەيتىۋېتىش شۇنچە زۆرۈرمىدۇ؟

**رەھىمە نۇرئەخمەت**

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

▲ ساختىپەز ئالدامچىلارنىڭ ئەڭ قولايلىق، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك «ئوۋ» نىشانى سەممىي، ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردۇر.

▲ ساختىپەزلەرنىڭ سەھنىدە مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئالغاندىكى ھالىتى، تۆۋەندىكىلەرگە «ئېشەك ئوغرىسى» تۇتۇلۇپ قېلىپ ئاۋام ئالدىدا سازايى قىلىنغاندەك تەسىرات بېرىدۇ.

▲ ئالتۇن زەرگەرنىڭ قولىدا زىننەت تاپىدۇ، باينىڭ قولىدا ئىززەت.

▲ نادانلار ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىنى كۆز - كۆز قىلىپ ئىلىم ئەھلىلىرىنى مەسخىرە قىلسا، ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ نامراتلىقىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئەيىب نۇقسانلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىش پاساھەتنىڭ، جامائەتكە ئېيتىش جاھالەتنىڭ بەلگىسى.

**ماخمۇت ئەخمەت**

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى

## تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2012 - يىللىق 1 - سان 4 - بەت 1 - ئىستون تۆۋەندىن 9 - قۇردىكى «نەزەرىيەسىدىن»نى «نەزەرىيەسى، دىن»، 6 - بەت 2 - ئىستون تۆۋەندىن 9 - قۇردىكى «T»نى «آ»، 7 - بەت 2 - ئىستون تۆۋەندىن 1 - قۇردىكى «سەباب»نى «شەباب»، 8 - بەت 2 - ئىستون يۇقىرىدىن 18 - قۇردىكى «قازى قىزى»نى «قازى مىر»، 9 - بەت 2 - ئىستون يۇقىرىدىن 14 - قۇردىكى «校勤»نى «校勘» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

**ھۆرمەت بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىراتى**



www.uyghurkitap.com

# تارىخنىڭ ئەرۋاھى، بۆسۈلگەن نور ۋە ئۆلمەس ئۈتوپىيە

— خالىدە ئىسرائىلنىڭ «كەچمىش» ناملىق رومانىغا كىرىش

نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

1

خالىدە ئىسرائىلنىڭ چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان يازغۇچى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئازات سۇلتان ئەپەندى ئۇنى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۇلتۇز» دەپ سۈپەتلىگەنىدى. ماڭا «كەچمىش» ئۇنىڭ بەدىئىي دىتىنى، «يۇلتۇز»لۇقىنىڭ مەنىسىنى ۋە پىروزىدىكى مۇھىم ئورنىنى تېخىمۇ نامايان قىلغاندەك تۇيۇلدى. «ئىبھ، ھايات»، «ئۇنتۇلماس خاتىرە»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئوربىتا»، «رەڭدار قۇيۇن»، «تىمتاس شەھەر»، «شەھەردە كالا يوق» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق «ناھايىتى ئاددىي، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاياللارنىڭ غەيۋەتلىرى دەپ ئاتالغان ‹كۇس - كۇس› پاراڭلار ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ كىشىلەر تازا زەن سېلىپ كەتمەيدىغان، ئاسانلا ھېس قىلالمايدىغان نازۇك تەرەپلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ» [1] كەلگەن خالىدە ئىسرائىل بۇرۇنقى ئىستىل - ئۇسلۇبىنى بىراقلا چەتكە چىقارغان، ئەمما مۇزدەك سىياقتا تارىخنىڭ چوڭ كەسمە يۈزىگە رەھىمسىزلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ھېلىھەم ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئۇششاق-

## ئوبزورچىلار مۇنبىرى

چۈششەك ئىشلىرىنى تاللىۋالغان ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئاددىي، سىدام يۈزىدە تارىخنىڭ چوڭ بۇرۇلۇشىنىڭ كۆلەڭگىسى ئەلەڭگىپ تۇراتتى. ئۇ نەچچە يۈز يىللىق ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن تارىخىي، ئىجتىمائىي، مەنىۋى بۇرۇلۇشنى بىر جەمەتنىڭ شەجەرىسىگە پىرىسلاپ تىقىۋەتكەنىدى. بىلگەن ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاددىيلىقتىكى چوڭقۇرلۇقىغا، يەڭگىللىكتىكى ئېغىرلىقىغا، قىسقىلىقتىكى كەڭلىكىگە، ھەتتا كىشىگە سەل ئاددىيلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان تېپىز، يالىڭاچلىقتىكى مەسخىرىلىك ئىشارىسىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئۇ ھەقىقەتەن قاپ يۈرەك، قارام ئايال ئىكەن دەپ سالدىم مەن ئىختىيارسىز.

ئۇ جىمىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتىمۇ ياكى چوڭقۇر سۈكۈت، ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن جىممىدە بۆسۈپ كىرىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە تاللىۋالغان يولىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئۇ 33 ياشقا كىرگەندە ئاندىن تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزغا لىرىك بىر كۈينى باشلاپ كىرگەن، سىدام، تۇز، ئەمما چوڭقۇر ھېسسىياتقا تويۇنغان بۇ كۈي ئەدەبىياتتىكى ئاياللىق قەلبىنىڭ جۇلاسىنى نامايان قىلغان، «ئەدەبىياتىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان ئىجادىي ئوبرازلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتقانىدى». ۋەھالەنكى ئارىدا نەچچە يىللاپ ئۈن - تىنسىز سۈكۈتكە

كىرىشۋالغان بۇ «لىرىك كۆي» ئەمدى بىراقلا ئەۋجىگە
چىققاندى. راست، ئۇ سۈكۈتتە جىمجىت پارتلىغانىدى. «ك-
ەچمىش»تىكى كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇزلاتقۇدەك تەمكىن
بايان ھەقىقەتەنمۇ ماڭا يازغۇچىنىڭ يەنە بىر يۈزىنى ئايان
قىلىپ بەردى. «كەچمىش»نىڭ بايانىدىن مەن ئۇنىڭ
كەينىدە قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە ئۇنىسىز تىكى-
لىپ تۇرغان ئاپتورنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىنى كۆرگەندەك
بولدۇم. ئاياللار يىغا ئارقىلىق ئىچىگە پاتماي قالغان دەر-
دىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئىچىنى بوشىتىدۇ، دېيىشىدۇ.
ئەگەر بۇنىڭدا راستىنلا مەلۇم ئاساس بار دېيىلسە، مەن
«كەچمىش»نى يازغۇچىنىڭ نەچچە يىللىق ئىچىگە تىنىش-
تىن كېيىنكى بىر قېتىملىق «چىقىرىپ تاشلاش» جەريانى
دەپ بىلىمەن. ئۇنىڭ ئىچى بوشىغانمىدۇ؟ مېنىڭچە، ياق!
كەچمىشكە قارىغان ئادەمنىڭ ئىچى بوشامدۇ ياكى پۇشاي-
دۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ قارىغۇچىنىڭ ۋىجدانىغا ۋە مەقسىتىگە
باغلىق. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىنىڭ بوشاش ـ بوشىماس-
لىقىمۇ مۇھىم ئەمەس. بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچىغا نىسبە-
تەن، ئىچ پۇشۇش زىيانلىق ئەمەس، بەلكى پايدىلىق،
ھەتتا زۆرۈردۇر. خالايىقنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى نەر-
سىلەرگە چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈۋاتقاندا جىمجىت
سۈكۈتنى تاللاش؛ ئالامان مەدھىيە ـ ئالقىش ياغدۇرۇ-
ۋاتقان نەرسىگە تەنقىدىي نەزەردە قاراش؛ ھەممە
سەرخۇش ھالەتكە ئۆتكەندە دەردلىك بىر كىرىزىس
تۇيغۇسىدا تولغىنىش تۇيغۇنلارنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ.
ئۇلار ئۇچۇن ئىچى پۇشۇش ياكى سەرخۇشلۇقنىڭ
ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ئەنە شۇ
«ھالەت» ئەڭ مۇھىمدۇر. خالىدە ئىسرائىلنى ئەنە شۇ
ھالەتكە كىرەلىگەن يازغۇچى دېيىش مۇمكىن. «كەچ-
مىش»مۇ ئەنە شۇنداق بىر «ھالەت»كە بېغىشلانغانلى-
قى بىلەن ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

راستىنى ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ روماندىكى چىقىش
نۇقتىسى بويىچە تەلقىنلىسەك، «كەچمىش» ياخشى قويۇل-
غان نام ئەمەس. روماندىكىسى توختاۋسىز ئۆزگىرىۋات-
قان، يەنى يېمىرىلىش، قۇرۇش ۋە قايتىدىن تەشكىللىنىش
جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر جەمئىيەتنىڭ ھەرد-
كەتتىكى ھالىتىدۇر. ئەسەردىكىسى تۇرغۇن ھالەت
ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ كەسمە يۈزىدە توختاۋسىز ئېقە-
ۋاتقان ھەرىكەت جەريانىدۇر. شۇڭا «كەچمىش»تىن ئىبا-
رەت ھەرىكەتنىڭ تاماملانغان قىسمىغا ئىشارە قىلىنغان بۇ
ئىسىم بىلەن ئەسەرنىڭ ئىچكى مەنتىقىسى تازا سىغىشماي-
دۇ، ھەتتا تېپىشىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئاپتور ئەسەر-
گە ئەسلىي «ھۆكۈمران» دەپ ئىسىم قويۇپمۇ بېقىپتى-
كەن، ئەمما زادى قانداق قارىسا يەنە بىر يەرلىرى ماس
كەلمىگەندەك تۇيۇلۇپ كېتىپتىمىش. ئۇ بەلكى تەبىئىي قا-
نۇنىيەتنىڭ ئىنسان ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئىرادىسى-
دىن ھالقىغان مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغا ئىشارە قىلغاندۇ.
لېكىن بۇمۇ ئەسەردىكى ئادەمنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيەسى-
نىڭ يېمىرىلىش جەريانىنى قانائەتلىنەرلىك ئېچىپ بېرەل-
مەيدۇ. يەنە كېلىپ ئەسەر گەرچە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ
تەشكىللىنىش جەريانىدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگە-
رىشىنى قىسمەن تەرىقىدە ئېچىپ بەرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساس-
لىق بايان مەۋقەسى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدى-
كى ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى-
نى خاتىرىلەشكە قارىتىلغان. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، «ھۆ-
كۈمران» دېگەن بۇ ئىسىم سىياسىي پۇرىقى ئۇنچىۋالا
كۈچلۈك ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان ئېغىر سىياسىي مۇھىتى-
نىڭ ئىچىدە لەيلەپ تۇرغان بۇ بەدىئىي رېئاللىققا كۈچلۈك
سىياسىي تۈس قوشۇۋەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، ئەسەردىكى ھە-
قىقىي چىقىش نۇقتىسىنىمۇ ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بې-
رەلمەيدۇ. ئۇنداقتا نېمە دەپ قويسا مۇۋاپىق بولاتتى؟
مانا بۇ بىمەنە سوئال! بۇنىڭغا ئاپتور ئىلاجسىز قالغان
يەردە، مەنمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، باشقىلارمۇ بىر
نەرسە دېيەلىشى ناتايىن. بۇ خىل ئىلاجسىزلىق ۋە تەڭ-
قىسلىق رومانىنىڭ پۈتكۈل بايان ئەندىزىسىگە، ھەتتا ئوب-
رازلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغىچە سىڭىپ كەتكەن. بۇ قان-
داقتۇر ئاددىي مەنىدىكى رېئال ئەسەر بىلەن بۇ ئەسەرنى
ئىپادىلىگۈچى ئىسىم ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىك، پەرق،
ئىلاجسىزلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى سىمۋوللۇق مەنى-
دىكى رېئال، تارىخىي ئىلاجسىزلىقتۇر. ئوبيېكتىپ رېئال-
لىق بىلەن ئىپادىلەنگەن رېئاللىق، سۇبيېكتىپ قۇرۇلما
بىلەن بايان قىلىنغان قۇرۇلما ئارىسىدىكى پەرق، زىددى-
يەت ۋە ئۇنىڭ ئاشۇنداق ساختىلىق ئىچىدە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشى ناھايىتى تىراگېكومېدىيەلىك ئېيتىم سىستې-
مىسى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ خىل قىسمەت ئەسەردىكى

www.uyghurkitap.com

پېرسوناژلارنى، ماكان ۋە زاماننى ئوراپلا قالماستىن، روماننىڭ ئىسمىغىچە تېپىپ چىققان. ئەسەرنىڭ باياندىن ئاپتورنىڭ بۇنداق قىسىنچىلىق ئىچىدە تىنتىما-تالاڭ بولۇشى تېخىمۇ ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز ئاپتوردىكى مانا شۇ قىينىلىشقا ئەگىشىپ ھەل قىلغۇسىز بىر ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ئەسەرگە كىرىمىز.

2

«كەچمىش» «باغۇ-ئېرەمدەك خىياباننىلىق بىر غايىۋى ماكان»نىڭ بەرپا بولۇشىدىن تارتىپ ئۇنىڭدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشى باشتىن كەچۈرگەن ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان رومان. ئۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەس، بەلكى دەل مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلغان تۇرمۇش ئۇسۇلى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، دۇنيا قاراش، قىممەت چۈشەنچىسى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغانلىقى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ھەرقانداق روماندىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە ئىجتىمائىي شەجەرىدۇر. ئۇنىڭ خاتىرىلىگىنى يىلنامە ئەمەس، تارىخ ئەمەس، تارىختا يۈز بەرگەن چوڭ-چوڭ ۋەقە، بۈيۈك داۋالغۇشلار ئەمەس، ئۇلۇغ قەھرىمان ياكى داڭلىق شەخسلەر تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى تارىخ تولا ھاللاردا ئۇنتۇپ قالىدىغان، ئۇلۇغلار تولا ھاللاردا يادىدىن چىقىرىۋېتىدىغان، بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر ئاسانلا دوملىتىپ ئۆتىدىغان ئەڭ ئاددىي ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى جىمجىت ئۆزگىرىشتۇر. خالىدە ئىسرائىل تارىختىن ئىبارەت بۇ شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا تاشلانغان تاشنى، تاش پەيدا قىلغان دولقۇننى ئەمەس، بەلكى ئۇششاق دولقۇن چەمبىرىكى يېتىپ بارالايدىغان ئەڭ ئاداققى چەكتىكى داۋالغۇشنى كۆزىتىشنى مۇھىم بىلىپتۇ. يۈگەنسىز تارىخنىڭ خىلۋەت بۇرجىكىدە ياشاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىش ئەلۋەتتە مەركەزدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئۇ نەچچە يۈز يىللىق «كەچمىش» جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى تارىخنىڭ ئاشۇ مەركىزىدىن ئەمەس، كىشىلەر تولا ھاللاردا دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىن ئىزدىگەن. يول، ئىمارەت، ئۈستىباش دېگەندەك مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۆپىنچە تارىخ پەيدا قىلغان ئۆزگىرىش تەرىقىسىدە سانىلىدۇ ۋە بىر تالاي سان-سېپىرلار گۇۋاھچىلىقىدا تارتىلىدۇ. ئەمما تارىخ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا پەيدا قىلغان ئۆزگىرىش، تاتۇقلارنى سان بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ؛ رەسىم بىلەن تارتقىلى بولمايدۇ؛ كۆرگەزمە قىلىپ كۆرسەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئىدىيەنىڭ، روھنىڭ، تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ، قىممەت قاراشنىڭ ئۆزگىرىشىنى دەماللىققا بايقىغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇ كۆزگە كۆرۈنمىگەن بىلەن بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا تۈپلۈك بۇرۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇنى خاتىرىلەش خالىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئۇنى تارىخ قالدۇرغان كەچمىشلەرگە سەگەكلىك، ھالال ۋىجدان بىلەن قارىغان ئادەملەرلا بايقىيالايدۇ. «كەچمىش» توغراقلىقتىن ئىبارەت مانا شۇ ماكاننىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەرنى يېزىشقا ئۇرۇنغانلىقى ۋە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يازالىغانلىقى بىلەن قىممەتلىكتۇر. ئۇ بىزگە نى-نى تارىخىي رومانلار ئايان قىلىپ بېرەلمىگەن تارىخىي كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق، پۈتۈنلۈكنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەلۋەتتە، «كەچمىش» تارىخىي رومان ئەمەس، ئۇنىڭدا رېئال تارىخىي شەخس، ۋەقەلەر خاتىرىلەنمىگەن. تارىخنىڭ ھەقىقىي بەشرىسى بايانىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلگەن. بىزنىڭ روماندىن كۆرىدىغىنىمىز تارىخنىڭ كۆلەڭگىسى، ئەرۋاھى. توغراقلىق تاشقى دۇنيادىن نىسپىي ئايرىلىپ تۇرىدىغان بوشلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن تاشقى دۇنيادىكى ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەكسلەندۈرۈپ بېرىدىغان پۈچۈق ئەينەك. توغراقلىقتىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزى تارىخقا ئايلانغان. تارىختىن ئاجرىلىپ تۇرغان بۇ خىل تارىخ تۇيغۇسى ئەسەرنى ئۆزگىچە تارىخىي روھ بىلەن سۇغۇرغان بولۇپ، بىز بۇ خىل ئاجرىلىش ئىچىدىكى باغلىنىشنى توغراقلىقنىڭ ماكان بولۇشتىن تارتىپ دەھشەتلىك قۇم-بورانغا غەرق بولغان دەقىقىگىچە چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

رومان باشلانغاندا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا «بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئاۋات يۇرتلارنىڭ چېگراسى بولغان قەدىمىي بازار بىلەن بىپايان مۇدھىش قۇملۇق ئارىسىدا... غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ئورمانلىقنىڭ مەركىزىدىكى باغۇ-ئېرەمدەك خىياباننىلىق ... بىر غايىۋى

ماكان» پەيدا بولىدۇ. قاچانلاردىدۇ پەيدا بوپقالغان ئون
نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بۇ يەردە ناھايىتى ئىجىل ـ ئىناق
ياشايدۇ؛ ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىگىمۇ قۇلۇپ سالمىغۇ-
دەك، بىر ـ بىرىنىڭ ساندۇقىدا نەچچە تەڭگە بارلىقىغا
قەدەر بىلىشكۈدەك ئىشەنچ تورىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ؛
توغراقلىقتىكى ئۈچ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ھايۋانلار بىلەن كې-
چىشىپ ئىچىدۇ؛ «بىز كەلمەستە بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئىگى-
سى ھايۋانلار ئىكەن، ئۇلارنىڭ رىسقىغا توپا چاچساق
خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ» دەيدىغان ئىدىيەدە ئۇلاردىن مۇۋا-
پىق پايدىلىنىدۇ، لېكىن زۇلۇم قىلمايدۇ. ناۋادا بىز ئېزىپ
قالغان توختاخۇننىڭ قۇتۇلۇشىنى بىر سىرلىق مۆجىزە
دەيدىغان بولساق (ئۇنىڭ كەينىدىكى ئېتىنىڭ مەنبە ھەققى-
دە ھازىرچە گەپ قىلماي تۇرايلى)، ئۇنداقتا بۇ مۆجىزى-
نىڭ ۋاستىچىسى تەبىئەتتۇر. دېمەك، بۇ غايىب ماكاننىڭ
ھاياتلىق مەنتىقىسىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇ يەردە تەبى-
ئەت بىلەن ئاجرالماس سۈپەتتە بىرىكىپ كەتكەن ھەمقاە-
لىق ـ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز.
ئەلۋەتتە، بۇ ئادەملەرنىڭ ھاجەت ـ ئېھتىياجى، ئارزۇ ـ
ئىستىكى قاندۇرۇلغان، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە
مۇ ھۆرمەت قىلىنغان ھاياتلىق قارىشى بولۇپ، بۇ يەردە
ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان مۇتلەق ھۆكۈمران
كۈچنىڭ ئىرادىسى تولۇق نەزەرگە ئېلىنغان. ئەگەردە بىز
بۇنى روسسو تەبىرلىگەن «تەبىئىي ھالەت» (自然状态)
دەيدىغان بولساق، ئەلۋەتتە بۇ يەردە بىردەكلىك، يەنى
ئادەم، تەبىئەت، ئىلاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ بىرلىشىشى ئاساس-
لىق قىممەت قارىشىدۇر. «تەبىئىي ھالەت ئىچىدىكى مۇ-
ھىتتا، جىمى ئىش بىردەكلىك رامكىسى ئىچىدە داۋاملىشى-
دۇ، زېمىندا توپلىشىپ ياشىغان ئادەملەرنىڭ نەپسانىيەتچى-
لىكى ياكى ئۆز بېشىمچىلىقى سەۋەبىدىن مەيدانغا چىقىدىغان
كۆتۈلمىگەن ھادىسە ياكى زور ئۆزگىرىشلەر ئاساسەن يۈز بەر-
مەيدۇ» [3]. ئەلۋەتتە، روماندا كۆز ئالدىمىزغا ئەڭ دەسلەپ
پەيدا بولىدىغىنى روسسو (Jean_Jacques Rousseau) چۈشەن-
دۇرۇۋاتقان تېخى ياۋايىلىق باسقۇچىدىن ھالقىمىغان ئىپتى-
دائىي ئادەملەر توپى ئەمەس، بەلكى ئاللىقاچان مەدەنىي-
لىك دەۋرىگە قەدەم قويۇپ بولغان ئادەملەردۇر. بىز
توختاخۇننىڭ يىلتىزىنى تىنتىيدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاللى-
قاچان شەھەرلەشكەن مەدەنىي بىر جەمئىيەتنىڭ، باي ـ با-

ياشات، جەمئىيەت چۈشەنچىسى ئېنىق، ياخشى تەربىيەلەن-
گەن ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇ سىيا-
سىي نىزا دەستىدىن شەھەردىن بېشىنى ئېلىپ قاچقان ۋە
ئاللىقانداق بىر سىرلىق كەچمىش ئارقىلىق بۇ غايىب ما-
كاندا توختاپ قالغان ئادەم. ئەگەر بىز ئۇنىڭ پىسخىك
دۇنياسىنى ئانالىز لايدىغان بولساق، ئاشۇنداق ئاچچىق،
ئۇنتۇلماس روھىي جاراھەتتىن قۇتۇلۇش، ئەمدى شۇنداق
پاجىئەنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنى خالىمايدىغان ئادەم
قانداق بىر دۇنيادا ياشاشنى ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن؟ خاتا-
لاشمىسام، قانلىق قىرغىن، سىياسىي سۈيقەست، بۇلاڭ ـ
تالاڭدىن قاچقان ئادەم تىنچ، ئارامخۇدا، ئادىل، ھەققانىي
بىر جەمئىيەتنى ئارزۇلىشى ئەقەللىي گەپ. مانا مۇشۇنداق
بىر ئۇتوپىك دۇنيانى چۈشىگەن ئادەم تاشقى دۇنيانىڭ
جەڭگى ـ جېدەللىرىدىن ئۇزۇلگەن، ياراتقۇچى بىلەن تە-
بىئەتنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى تەڭسىز كۈچنىڭ قارا قولى
يەتمىگەن بىر جاينى تاپقاندا، شۈكۈر قىلىپ، تىنچ ـ ئارام-
خۇدا ياشاشنى ئويلىشى ناھايىتى مۇقەررەر بىر چۈشەنچە.
شۇڭا مېنىڭچە بۇ غايىۋى ماكاننىڭ بەرپا قىلىنىشى تەبىئە-
تىكى تەبىئىي ھالەت بىلەن توختاخۇندىن ئىبارەت تارىخ
بېشىنى قايدۇرۇۋەتكەن بۇ «ئازغۇن»نىڭ كاللىسىدىكى
ئۇتوپىك ھالەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بىرلىشىشىدۇر. بىز بۇ
ئۇتوپىك ھالەتنىڭ كەينىدىكى تاتۇقنى دەماللىققا كۆرەل-
مەيمىز، ئەمما بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىش بىزنى
ھۆكۈم جەھەتتە ئېغىر خاتالىققا ئاپىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىيا-
بانلىقتىكى غايىۋى ماكان قانداقتۇر مەقسەت ـ نىشانسىز،
ھېچقانداق قىممەت ـ قاراشسىز، ئىدىيە ـ چۈشەنچىسىز بىر
توپ بىغەم ياۋايىلارنىڭ يىغىلىپ قالغان ئۆتىڭى ئەمەس،
بەلكى ھاياتلىق چۈشەنچىسى ناھايىتى ئېنىق، ھېچبولمىسا
ئاشۇنداق بىر غايىۋى جەمئىيەتنى ئارزۇلايدىغان كىشىلەر-
نىڭ بارارگاھىدۇر. شۇڭا تەڭسىزلىكتىن قاچقان بۇ ئادەم-
لەر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تەڭ، باراۋەر، ئىشەنچ ئا-
ساسىغا قۇرۇلغان پاكىز بىر دۇنيا قۇرىدۇ، ھەتتا ھايۋان-
لارغىمۇ تەڭسىز مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىنىدۇ، تەبىئەت،
ئادەم، خۇدا ئارىسىدا ئۆزئارا مەنپەئەتلىك بىر مۇۋازىنەت
سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئەگەردە بىز بۇنى بىر خىل
ئاڭلىق قوغلىشىش دېگىنىمىزدە، ئۇ ناھايىتى پاكىز ھا-
ياتلىق چۈشەنچىسىدۇر؛ ئاڭسىز ھالەت دېگىنىمىزدىمۇ

ئۇ تېخى بۇلغىنىشقا ئۇلگۇرمىگەن ساددا ھاياتلىق ئىدىيەسىدۇر.

توغرىلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا قارىماققا ھېچقانداق تەرتىپ - مىزان، تۈزۈم يوقتەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ناھايىتى ئېنىق چەك، تەرتىپ، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت چۈشەنچىسى مەۋجۇت. ئادىل، باراۋەر، ھەركىمنىڭ ئىززەت - نەپسى، خاھىشى تولۇق نەزەرگە ئېلىنغان جەمئىيەت ئەندىزىسى ھەممىنى ئۆز يولىدا ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت يېزىلمىغان يېرىلا بار، خالاس. ۋەھالەنكى، ئۇنى ھەممە ئادەم كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدۇ، ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ. بۇ يەردە قانۇن، تەرتىپ، مىزان كىشىلەرنىڭ ئىمانىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇ قەغەزگە يېزىلمىغان، لېكىن قەلبلەرگە ئويۇۋېتىلگەن. قانۇن شەخسنىڭ ئوي - خىيالىنىڭمۇ بىر قىسمىغا ئايلانغان جەمئىيەت شەك - شۈبھىسىزكى ئەڭ بېجىرىم جەمئىيەتتۇر. توغرىلىق ئەڭ دەسلەپ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا زاھىرلانغاندا، ئەنە شۇنداق گۈزەل ھالەتتە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ يەردە ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت، كائىنات ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تاقىلىدىغان ھەربىر تىنىق، ھەرىكەتمۇ قانۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىشەتتى. شۇڭا بۇ غايىب ماكاننىڭ پۇقرالىرى ھەتتا تەبىئەتتە كۆتۈرۈلگەن بورانىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشىدىكى سەۋەنلىك بىلەن باغلاپ مۇھاكىمە قىلىدۇ؛ يەر تەۋرىسە ئۆزلىرىدىن كۈپۈرلۈق ئۆتتىمىكىن دەپ قىلمىش - ئەتمىشىنى ئۆزىنىڭ ئەمەس، مۇقەددەس مىزاننىڭ تارازىسىغا سېلىپ توۋا قىلىدۇ؛ قەدىمىنى رۇسلايدۇ! تەبىئەتتىكى تەۋرىنىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نىيەت - ئىقبالىنى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى باغلاپ تەھلىل قىلالايدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ئەمەلىنى تەھقىقلەپ توغرا يولغا سېلىشقا تىرىشىدىغان بۇنداق سەممىي، ئاڭلىق روھقا ئىگە پۇقرا يېتىلدۈرەلىگەن جەمئىيەتنى خېلىلا بېجىرىم جەمئىيەت دېمەي، پۇقرالىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئايلىنالىغان بۇنداق يوسۇننى ناھايىتى پاكىز ھاياتلىق مىزانى دېمەي مۇمكىنمۇ؟ ھەممە باراۋەر قاتنىشىدىغان، تەڭسىزلىك يوق، يۇقىرى - تۆۋەن ئايرىلمىغان، بىر - بىرىنى بوزەك قىلىدىغان ياكى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنمىگەن بۇنداق ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى تەلپۈندۈرىدىغان ئۇتوپىيە دېمەي ئامال يوق.


«كەچمىش»نىڭ باشتا بىزگە سىزىپ بەرگىنى مانا مۇشۇنداق گۈزەل، سىرلىق، جەلپكار ماكان. ئەگەردە بىز ئۇنى تاشقى دۇنيادىن خالىي دېسەك خاتالاشقان بولىمىز، ئۇ يىراقتىن باغلىنىپ تۇرىدۇ؛ دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىگە تەڭكەش مېڭىۋاتقان جەمئىيەتمىكىن دېسەك، بەك ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئۇ بىر يېتىم ئارال، يېگانە دۇنيا. دۇنياغا يېقىن، شۇنداقلا دۇنيادىن يىراق! يىراقمىكىن دەي دېسە، تاشقى دۇنيادىكى ھەرقانداق ئۆزگىرىش ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ؛ يېقىنمىكىن دەي دېسە، ئۇ ھېچقايسىسىغا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرمايدۇ. ئۇ گۈزەل، سىرلىق، غايىۋى ماكان، شۇنداقلا يەنە يېتىم دۇنيا! ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى مانا مۇشۇنداق زىددىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ بۇ ماكاندىكىلەر ئۈچۈنمۇ گۈزەل ئەسلىمە، تاشقى دۇنيا ئۈچۈنچۇ؟ ئۇنى دۇنيادىن ئايرىپ يەككە مەۋجۇدلۇق سۈپىتىدە كۆزەتكىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەت سىستېمىسى، مۇكەممەل قۇرۇلمىسى مەۋجۇت. ئەمما تاشقى دۇنيا ئۆزىنىڭ قىممەت سىستېمىسى بويىچە ئۇنى سۆرەپ ماڭماقچى بولسىچۇ؟ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت غايىسى بويىچە بۇ يېتىم ئارالنىڭ ھاياتلىق لوگىكىسىنى قايتىدىن قۇرماقچى بولسىچۇ؟ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بۇ يەردىكىلەرگە تاڭسىچۇ؟ كىملەردۇر ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىدە توغرىلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى شەرھلىسە ۋە ئۇنى قانداقتۇر ئىپتىدائىي، قالاق، خۇراپىي دەپ باھالىسىچۇ؟ ئۇلار ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «باشقىلار قۇرۇپ بەرگەن جەننەت چىنارىمنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ» [4] دېيەلمىسىچۇ؟ تاشقى دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىنى ئاساس قىلىپ بەرپا قىلىنغان قۇرۇلما بىلەن توغرىلىقلارنىڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە باش ئەگكەن لوگىكىسى سىغىشمىسا، تېپىشىسىچۇ؟

زىددىيەت مانا مۇشۇ يەردىن كېلىپ چىققان، تەڭقىسلىق مانا مۇشۇ يەردىن كېلىپ چىققان ئىدى. توغرىلىقنىڭ تەبىئىي ھالىتى، تەبىئىي قانۇنى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي داۋالغۇشى سوقۇلغاندا، بۇ سىرلىق ماكاننىڭ گۈزەل ھېكايىسى بىردىنلا يىمىرىلىشكە باشلايدۇ. بىز توختى ئاخۇن ئائىلىسىنىڭ جەمەت شەجەرىسىگە ئايلانغان

بۇ روماندىن قارىماققا ناھايىتى تۈيدۇرماي، ئەمما زور بۇرۇلۇش ياسىغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ يىلتىزىدىن پاراسلاپ ئۈزۈلۈشىنى، كىشىلەرنىڭ ئاشۇ گۈزەل خاتىرىنى بۇزماي ساقلاپ قېلىشىغا بولغان ئازابلىق تىرىكىشىشىنى كۆرەلەيمىز. ئىچكى ئۆلچەم بىلەن تاشقى تەسىر ئارىسىدىكى بۇزۇش، ئۆزگەرتىش ۋە قايتىدىن قۇرۇش مۇناسىۋىتى توغراقلىقنىڭ ۋە ئۇنى چۆرىدەپ ياشىغۇچىلارنىڭ ياتلىشىشىدىكى ئاساسلىق ئەندىزىدۇر.

3

رومان توختى ئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ئالدىكىنى ھەممىسىنى قوشقاندا ئەسىردە سەككىز ئەۋلاد كىشىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئەگرى-توقاي كەچمىشلەر يېزىلغان. ناۋادا توختى ئاخۇننىڭ قەشقەردىكى سىياسىي ئىختىلاپنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىق ئۇچۇرىلا بېرىلگەن ئاتا-ئانىسىنىمۇ قوشقاندا




تۇغراقلىقتا ياشىغان توختى ئاخۇن جەمەتىنىڭ نەسەب شەجەرىسى

سەككىز، ئەمما ئەسەر توغراقلىقتىن ئىبارەت بۇ غايىۋى ماكاننىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشنى يېزىشقا قارىتىلغاچقا، ئەگەر مۇشۇ ماكاننى بىنا قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە ئەمەلىي قاتناشقان، بۇ ئۆزگىرىشكە شاھىت بولغۇچىلارنىلا ھېسابلاشقا توغرا كەلسە يەتتە ئەۋلاد كىشى، تەخمىنەن 70 ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەم بۇ يۇرت بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ ۋە 200 يىللىق تارىخقا چېتىشىدۇ. دېمەك، 200 يىللىق تارىخىي جەرياندىكى بىر يۇرتنىڭ ئاپىرىدە بولۇش ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى يورۇتۇش ئەسەرنىڭ بەدىئىي غايىسىدۇر. ئاپتور تاشقى دۇنيادىن نىسپىي ئايرىلىپ تۇرغان بۇ ئارالچىنىڭ زامانىۋى دۇنيانىڭ شاۋقۇنىغا تەلتۆكۈس قوشۇلۇشىغىچە ۋە قۇم ئاستىغا غەرق بولۇشىغىچە بولغان بۇ ئۇزاق جەريانىنى خاتىرىلەشتە تاللاپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، توغراقلىقلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئىشلارنى ۋە بۇ ئىشلار ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل پىسخىك ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشكە بەكرەك كۈچ چىقارغان. پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇنچىۋالا چوڭ تەسىر ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ۋەقەلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋەرگەن، ھەتتا توختى ئاخۇن جەمەتىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنى تەسۋىرلىمەيلا، ئىسىم-فامىلىسىنىمۇ تىلغا ئالمايلا ئۆتۈپ كېتىۋەرگەن. گەرچە بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي چىنلىقىنى خېلى تۆۋەنلىتىۋەتكەندەك، بولۇپمۇ شۇنچە بېكىك ماكان چوقۇم قاتتىق رىئايە قىلىدىغان جەمەت تۈزۈمىنىڭ يوسۇنىغا ئەھمىيەت بەرمىگەندەك تەسىرات شەكىللەندۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئاپتورنىڭ ئاساسلىق دىققىتىنى توغراقلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىشكە قاراتقىنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كۆپ قىرلىق ئامىللاردىن تەشكىللىنىدىغان بۇنداق ئىجتىمائىي قۇرۇلما مەلۇم بىر جەمئىيەتنى مەزمۇت تۇتۇپ تۇرىدىغان تىرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ماھىيەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خالىدە ئىسرائىل بۇ زۇرۇر ئامىلنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن، ئاساسلىق كۈچىنى شۇ نۇقتىغا قاراتقان ئىدى. بىلگەن ئادەم ئۈچۈن، بۇ ئادىدىي مەنىدىكى بەدىئىي دىت مەسىلىسى ئەمەس، چوڭقۇر پاراسەت مەسىلىسىدۇر.

جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى «ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشنىڭ تەشكىللىنىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش
شەكلى»، تېخىمۇ ئاممىبابلاشتۇرغاندا، «ئىجتىمائىي سىس-
تېمىلارنىڭ ياكى تۇرمۇشتىكى ئوخشىمىغان ئامىللارنىڭ
تەرتىپلىك ئاساستا باغلىنىش جەريانى» [5] دەپ قارايدۇ
ۋە ئۇنىڭ «تۇزۇم قۇرۇلمىسى»، «مۇناسىۋەت قۇرۇلمە-
سى» ۋە «ئىپادىلەنگەن قۇرۇلما»دىن ئىبارەت ئۈچ قات-
لىمىنى شەرھلىشىدۇ. بۇ قاتلاملار كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى
سالام - سەھەت يوسۇنىدىن تارتىپ پەرھىز، مۇراسىم،
تەرتىپ، تۈزۈم، جازا، تەقسىمات ئادىتىگىچە بېرىپ تاقىلى-
دىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
بولۇپ، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت مۇقەررەر يوسۇندا مۇ-
شۇنداق ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە شۇ ئا-
ساستا جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ، تۇرمۇشنى تەرتىپلەي-
دۇ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھوقۇقى، مەجبۇر-
يىتىنى بېكىتىدۇ. بۇنداق قۇرۇلما مەدەنىيەت ئاساسىدا شە-
كىللىنىدۇ. ئۇ «كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپقا سېلىپ تۇ-
رىدىغان تەرتىپ قىممىتىدىن تەشكىللىنىدۇ، بۇنداق
كونترول مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى توپ ئۈچۈن ئېيتقاندا
ئومۇمىيۈزلۈكتۇر» [6]. بۇ بىرەر ئادەم ياكى بىرەر ئائى-
لە، بىرەر جەمەت ئۆز ئالدىغا بېكىتىۋالىدىغان ياكى ئۆز-
گەرتىۋېتىدىغان قۇرۇلما بولماستىن، ئۇزاق مەزگىللىك تا-
رىخى جەرياندا شەكىللىنىدىغان، مەدەنىيەتنى ئاساس قى-
لىدىغان مۇستەھكەم توردۇر. ئۇنى زوراۋانلىق ئارقىلىق
تۇقۇۋالغىلى، قۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۆزئارا
ئىشەنچ، ئېتىراپ، ھۆرمەت ئارقىلىقلا قۇرۇش مۇمكىن.
ئەلۋەتتە ئۇ قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئۆزگىرىدۇ.
لېكىن ئۇنىڭ ئۆزگە خاس ئىشەنچ مېخانىزمى، پائۇل
رىكور (Paul Ricoeur) ئىنچىكە شەرھلەپ چىققان «ئېتى-
راپ جەريانى»دىكى «كىملىك ئېتىراپى، ئۆز - ئۆزىنى ئې-
تىراپ قىلىش ۋە بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىش» تىن ئىبا-
رەت شەرتلىك قاتلام بويىچە شەرھلىگەندە، ئۇ ئۇزۇل -
كېسىل ئۆزئارا بېقىندىلىق «ئېتىراپ سىياسىيسى»[7]دۇر
ياكى ئىززەت سىياسىيسىدۇر. ئۇنىڭغا جەمئىيەتتە ياشاۋات-
قان ھەربىر ئادەمنىڭ تېگىشلىك ئىززەت - نەپسى، غۇرۇ-
رى، ھوقۇقى كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزگە
خاس ئايلىنىش مېخانىزمى، ئىچكى قانۇنىيىتى بولىدۇ. كى-
مىكى ئۇنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنسا، بۇ «تور»
يىرتىلىدۇ، قۇرۇلما لىكشىيدۇ. ناۋادا قارامىلىق بىلەن جەم-
ئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرى-
دىغان بۇنداق مۇستەھكەم قۇرۇلمىنىڭ ئۇلى كولىنىدى-
كەن، «تەرتىپ قىممىتى» بۇزۇلىدۇ-دە، كىشىلەر ئۆزلىرى-
نى تەشكىللەپ كەلگەن ئاتلىق ئىچكى كۈچتىن ئايرىلىپ
قالىدۇ، يەنى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىك كۈچىدە تەۋرەش
كۆرۈلىدۇ. بۇ بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنتا-
يىن ئېغىر بۇرۇلۇشتۇر.

«كەچمىش»نىڭ بىزگە ئايان قىلىپ بەرگىنى ماھى-
يەتتە توغراقلىقتىن ئىبارەت بۇ غايىۋى ماكاندىكى مەدەنى-
يەتنىڭ يېتەكچىلىك كۈچىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. قۇرۇلمىنىڭ
ئۆزگىرىشى تەگ - تېگىدىن ئالغاندا ئەگەشمە ھادىسە
بولۇپ، مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزى توغراقلىقتىكى ئىجتىمائىي
قۇرۇلمىنى تەشكىللىگۈچى مەدەنىيەتتىكى «قايتا چۈۋۈپ
توقۇلۇش»تۇر. بۇنى بىز مەدەنىيەتتىكى يېتەكچىلىك ھو-
قۇقىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى دەپ چۈشەنسەك مەسىلىنى
تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش مۇمكىن.

مەدەنىيەتتىكى يېتەكچىلىك ھوقۇقى - ئىتالىيەلىك
ماركسىزمچى ئانتونى گرەمسى (Antonio Gramsci)
ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەز-
گىللىرىدىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتى-
لىۋاتقان ئاتالغۇ. ئۇ غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەت بىلەن
شەھەر جەمئىيىتى ئارىسىدىكى نىسپىي ئۇزۇكچىلىك، سىيا-
سىي ھۆكۈمرانلىق بىلەن مەدەنىيەتتىكى قايىل قىلىش
كۈچى ئارىسىدىكى پەرق، قورال كۈچى ئارقىلىق مەجبۇ-
رىي بويسۇندۇرۇش بىلەن ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىن
مايىل قىلىش ئارىسىدىكى پەرقنى تونۇپ يەتكەن ۋە
«مەلۇم بىر گۇرۇھ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق قىلى-
غاندا ئۈنۈملۈك تىكلىيەلەيدۇ»[8] دېگەن مەسىلىنى ئا-
ساسلىق تەھلىل قىلىپ تۇرۇپ ئاخىرى «رەھبەرلىك ھو-
قۇقى، يېتەكچىلىك كۈچى، خوجىلىق، زومىگەرلىك» مەنى-
سىدىكىHegemony نى شەرھلەپ چىققان. ئۇنىڭچە مە-
دەنىيەت «جەمئىيەتتىكى ئاجىز توپلارنىڭ قارشىلىقى
بىلەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغۇچىنىڭ قوشۇۋېلىشقا ئۇ-
رۇنۇشى ئارىسىدىكى تىركىشىش كۆرۈلىدىغان مەيدان»[9]
بولۇپ، Hegemony دەل «جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران گۇ-

روھنىڭ مەنىۋى، ئەخلاقى يېتەكچىلىك ۋاستىسى ئارقىلىق
ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى توپنىڭ ئېتىراپى، ھىمايىسىگە
ئېرىشىشى»[10 ]نى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بىر كۈچ (ئۇ
مەيلى مەلۇم بىر توپ، شىركەت، گۇرۇھ ياكى مەزھەپ
ياكى دۆلەت ۋە ياكى مەدەنىيەت بولسۇن) باشقىلارنىڭ
قوللىشى، ئېتىراپى، ھىمايىسىگە ئېرىشىمەن دەيدىكەن،
ئۇنى قورال كۈچى ياكى بايلىق، ھەيۋە بىلەن ئەمەس،
مەدەنىيەت كۈچى بىلەن قايىل قىلىپ باش ئەگدۈرەلىسە
ئاندىن بۇ جەمئىيەتكە ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلالايدۇ.
چۈنكى «مەدەنىيەت تاشقى تەرەققىياتتىن پەرقلىنىپ تۇرىد-
ىغان ئىچكى، مەنىۋى جەريان»، «سەنئەت، دىن، شۇن-
داقلا بارلىق مەنە ۋە قىممەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئادەت
مېخانىزمىدىن شەكىللەنگەن ئەمەلىيەت»[11]، يىغىپ ئېيت-
قاندا «تامامى تۇرمۇش شەكلىدۇر»[12]. ئۇ تۇرمۇشنىڭ
روھىي قېتىغا، شۇنداقلا ماددىي قەۋىتىگە ئاجرالماس ك-
ىرىشىپ كەتكەن تۇرمۇش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن
كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق
قۇرۇلمىسىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلىدۇ. رايموند ۋىليا-
مىس (Raymond Wiilliams) مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ تە-
بىرىنى ئەسلىدىكى مەنىۋى قاتلام ياكى ئۈستقۇرۇلمىدىن
تۇرمۇشنىڭ ماددىي ساھەلىرىگە يەنى ئىقتىسادىي بازىسقا
مەنسۇپ ھەرقايسى قاتلامغا تارتىپ ئەكىرىپ، ئۇنى
چەكسىز مەنىگە ئىگە قىلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەتنىڭ چې-
تىشلىق دائىرىسى مىسلىسىز كېڭىيىپ كەتتى. ئۇ ھەتتا ئىن-
سانىنىڭ تۇيغۇ ئالىمىگە مەنسۇپ ھېسسىياتىنىمۇ بىر قۇرۇلما
سۈپىتىدە كۆزەتتى-دە [13]، ئۇنىڭ مەدەنىيەتتىكى مۇھىم
رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كىشىلەر تولا ھاللاردا چەتكە
قاقىدىغان رولىنى ئوبيېكتىپ تونۇشقا ئىگە قىلدى. ئەگەر
بىز ۋىلىيامسىنىڭ مەدەنىيەت تەبىرىدىن چىقىپ مەلۇم بىر
جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە
بىر-بىرىگە مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن چوڭ بىر تورنى
ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەتتا ھېسسىيات، ئارزۇ-
ئىستەكمۇ بۇ مەدەنىيەت تورىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىغا
ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى خاھىشچانلىقتا، پۈتۈنلۈك-
كە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان. ۋىلىيامسىنىڭ تەبىرىگە
گىرەمسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى نەزەرىيەسىنى قوشۇپ
قارايدىغان بولساق، مەدەنىيەتنىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋ-
جۇدلۇقىدىكى ھەل قىلغۇچ رولى تېخىمۇ ئايان بولىدۇ.
شۇڭا ئۇنىڭ كونترول قىلىش كۈچى، قاپلاش دائىرىسى،
سىغىمچانلىقى، شۇنداقلا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش، ھەتتا
قارشى تۇرۇش كۈچىمۇ ھەددى-ھېسابسىز مۇرەككەپ،
كۈچلۈك بولىدۇ. بەزى توپلارنى قورال كۈچى بىلەن
بويسۇندۇرغىلى بولغان بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىي
مەدەنىيىتى، كىملىكىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى تىز-
گىنلىگىلى بولمايدۇ؛ بەزىلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغىلى
بولغان بىلەن ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى، ئىمانىدىكى ۋە-
تەننى تارتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ بەزىلەرنى ھەربىي كۈچتە
تىز پۈكتۈرگىلى بولغان بىلەن، ئەمما مەدەنىيەت جەھەتتە
ئۇلارنى مايىل قىلغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ مەدەنىيەت ئەۋ-
زەللىكىنىڭ، مەدەنىيەتتىكى رەھبەرلىك كۈچىنىڭ قۇدرى-
تى. ھەربىي تاكتىكا ۋە قورال كۈچى بىلەن پايانسىز زې-
مىنغا قانات يايغان بۈيۈك ئىمپېرىيە تىكلىگەن چىڭگىزخا-
نىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك سەلتەنىتى «مەدەنىيەت جەھەتتى-
كى يېتەكچىلىك كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئىككى
ئەسىرگە بارمايلا ئىز-دېرەكسىز غايىب بولدى» [14].
شۇڭا مەدەنىيەتتىكى ئۈستۈنلۈك، يېتەكچىلىك ئورنىغا
چىقىش بەزىدە ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچتىنمۇ مۇھىم ئو
رۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەتتىكى يېتەكچىلىك كۈچىدىن
پايدىلىنىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى
باشقا توپقا ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئەنە
شۇ مۇقەددەس تورىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئاستا-
ئاستا ئۆزىگە پايدىلىق رەۋىشتە ئۆزگەرتىش، گەپنىڭ ئو-
چۇقى مەدەنىيەت تورىنى قايتىدىن توقۇش كېرەكلىكىنى
ئوتتۇرىغا قويۇشقان. تارىختا قارىساقمۇ ھەرقانداق ھاك-
مىيەت ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئەسلىدى-
كى ھۆكۈمدار بېكىتكەن قائىدە-تۈزۈم، تەرتىپلەرنى قاي-
تىدىن ئىسلاھ قىلىدۇ، ئەمەلدار، مۇلازىملار تورىنى قايتى-
دىن تەشكىللەيدۇ. قىسقىسى يىلتىز تارتقان مۇئەييەن بىر
ئادەت، مەدەنىيەت تورىغا قارىتا تېخىمۇ ئۆزۈل-كېسىل
ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ. ئانتونى گىرەمسى بۇنى جەڭ-
دىكى سېپىل-خەندەك، ئالدى ھۇجۇمچى، ئاساسلىق قو-
شۇنى تارمار قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە تېخى يوقالمايدىغان
كۈچلۈك «ئارقا سەپ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئەڭ مۇ-
ھىمى مانا مۇشۇنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

خوش، بىز مەدەنىيەتتىكى يېتەكچىلىك كۆچىنى شۇنچىۋالا مۇھىم دەپ تىلغا ئالدۇق. بۇنىڭ «كەچمىش» بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟ مەدەنىيەتتىكى يېتەكچىلىك كۆچى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى توغراقلىقتىكى يەتتە ئەۋلاد كىشىنىڭ ھاياتىدا، 200 يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن بىر يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى؟

بىز باشتا تىلغا ئالغان، يەنى رومانىنىڭ بېشىدا كۆزىمىزگە چېلىقىدىغان غايىۋى ماكان بىر خىل باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەندىزە بولۇپ، قارىماققا ئۇنىڭدا قانداقتۇر مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ئەلۋەتتە «رەھبەرلىك» پەرق، تەڭسىزلىك بىر خىل مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغاندىلا ئاندىن شەكىللىنىدىغان نەرسە. ئۇ پەرق تەڭسىزلىكنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال بىر خىل پەرق سىياسىيسى، ئېتىراپ سىياسىيسىدۇر. شۇڭا مەيلى ئىگىلىك، بايلىق، مەرتىۋە، ھوقۇق، كۆچ قاتارلىق جەھەتلەردىن بولسۇن، مەلۇم پەرق، ئۈستۈنلۈك، ئالاھىدە ئىمتىياز تۈيغۇسى شەكىللەنگەندىلا ئاندىن بۇ خىل پەرق روياپقا چىقىدۇ ۋە مەلۇم بىرسىگە ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نورمال ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ. ئەمما رومان ئەڭ دەسلەپتە باشلانغاندا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا بىرلىك، باراۋەرلىك ئاساسىدا قۇرۇلغان، تەبىئەتنىڭ ئەدل - ئادالەتلىك قانۇنىيتىگە ئۇيغۇنلاشقان بىر تەبىئىي ھال پەيدا بولىدۇ. بىز بۇ يەردە توغراقلىقلارنىڭ ئۆزگە خاس ئادەت، يوسۇن، ئورۇن، مەرتىۋە، تەقسىمات تەرتىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز. بۇنىڭ ئۆزىلا بىر مەدەنىيەت تورى، ئىجتىمائىي قۇرۇلما. لېكىن بۇ يەردە تېخى ئاستىن - ئۈستۈنلۈك ياكى باشقۇرۇش - باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى مەيدانغا چىقمىغان بولۇپ، ھەممە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ۋە توپنىڭ مەنتىقىسىگە مۇتلەق بويسۇنۇش شەكلىدە ياشايدۇ. ۋەھالەنكى ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

توغراقلىقتىكى ھەربىر ئۆزگىرىش دەل سىرتتىن كىرگەن كۆچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز تازا ئىنچىكىلەپ مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، روماندىن بۇ خىيالىلىق ئىچىدىكى غايىۋى ماكانىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى، مەدەنىيەت تورىنى، تىنچ تۇرمۇش مەنتىقىسىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىغان 30 دىن ئارتۇق «كىرىش - چىقىش» ھادىسىسىنى بايقايمىز. ئەلۋەتتە بۇ «كىرىش»لەرنىڭ بەزىسى توغراقلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى كۆچەيتىدۇ، مەنىۋى ئېكولوگىيەسىنى ياخشىلايدۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ؛ يەنە بەزىسى كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدە ئوخشىمىغان زىلزىلىلەرنى، يېڭىدىن - يېڭى ھەۋەسلەرنى پەيدا قىلىدۇ؛ بەزىلىرى بولسا توغراقلىقنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ؛ ھەتتا بەزىلىرى باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مەدەنىيەت تورىنى پارە - پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلاپ، يېڭىدىن بىر تور توقۇپ بەرمەكچى بولىدۇ... توغراقلىققا مەيلى سۇقۇنۇپ كىرگەن، ئېزىپ كىرگەن ياكى توغراقلىقلار ئۆزلىرى باشلاپ كىرگەن بۇ كۆچلەرنىڭ ھەممىسى «يېتەكچىلىك» دەيدىغان نەرسە تېخى شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەن بۇ خىلۋەت ماكاندا بىردىنلا يېڭىچە ھوقۇق مۇناسىۋىتى، كۆچ سىنىشىش، تىركىشىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، توغراقلىق كېيىنچە بۇ تورنى ئۆزى توقۇمايدۇ، بەلكى سىرتتىن كىرگەن كۆچلەر توقۇيدۇ. توغراقلىق قايتىدىن توقۇلىدۇ، قۇراشتۇرۇلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئورنى قايتىدىن تەقسىم قىلىنىدۇ ۋە ئوخشىمىغان كۆچلەرنىڭ تالىشىشىدا ئۇنىڭ بىرلىكىدە ۋە بارلىقىدا يىمىرىلىش، ياتلىشىش كۆرۈلىدۇ - دە، تەبىئىي ئېكولوگىيەدىن باشلاپ مەنىۋى ئېكولوگىيەگىچە ھەممىسى قورقۇنچلۇق قارا بورانىنىڭ ئاستىدا قالىدۇ...

ناۋادا بىز جېنىنى ئېلىپ قېچىش ۋە سىرلىق ئېزىشتا توغراقلىقنى ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ قالغان توختى ئاخۇن قاتارلىق ئون نەچچە ئۆيلۈكنىڭ بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىغا سۇقۇنۇپ كىرىشىنى ۋاقتىنچە نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، بەلگىلىك تەرتىپ شەكىللەندۈرۈپ بولغان بۇ قۇرۇلمىنى ئايرىم بىر مەۋجۇدلۇق سۈپىتىدە كۆزەتكىنىمىزدە، بۇ «تور»غا ئەڭ باشتا كىرگىنى مەزىندۇر (ئۇ مەزىنلا ئەمەس، ئەسەردىكى ئورنىدىن قارىغاندا ئاخۇنۇم). ئۇ ئۆزى كىرگەن ئەمەس، بەلكى تەكلىپ قىلىپ باشلاپ كىرىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ توغراقلىقنىڭ ئاسمىنىدا مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ. ئاخۇنۇم كى-

شىلەرگە ئىمان ـ ئىسلام، ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەققىدە
ۋەز قىلىدۇ. خوش، ئۇنداقتا بۇرۇنقى توغراقلىقتا دىن،
دىنىي ئاڭ يوقمىتتى؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار خۇدانى تو-
نۇيتتى، بىر ـ بىرىگە، تەبىئەتكە، ھەتتا ھايۋانلارغا مۇئا-
مىلە قىلغاندىمۇ ياراتقۇچىنىڭ ئەمرى بويىچە ھەرىكەت
قىلاتتى، دىنىي ئاڭ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تورىنى مەزمۇت
تۇتۇپ تۇراتتى. ئاخۇنۇمنىڭ كىرىپ كېلىشى ماھىيەتتە
سىستېمىلىق بىر دۇنيا قاراشنىڭ، تەربىيەچىنىڭ، ئىشلارغا
ئېنىق ئۆلچەم، ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم چىقارغۇچىنىڭ،
شۇنداقلا تەرغىباتچىنىڭ كىرىپ كېلىشىدۇر، شۇنداقلا بۇ
كىچىك قۇرۇلمىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىدۇر. ئۇنىڭ
كىرىپ كېلىشى توغراقلىقنىڭ مەدەنىيەت تورىنى تېخىمۇ
مۇستەھكەملەيدۇ. ئاخۇنۇم ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بې-
يىتاتتى، ئۇلارنى ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامانلىقتىن توسۇيت-
تى، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتاتتى، ھەرخىل مۇراسىملىرىغا باش-
چىلىق قىلاتتى. دېمەك ئۇ بۇ يۇرتتىكى ھەممە تېخىمۇ
ھۆرمەت قىلىدىغان بىر ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن
يۇرتقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە تەكىتلەشكە تې-
گىشلىك مەسىلە، ئۇلار ئۇنىڭ دىنىي ئىلمىدىكى بىلىمى ۋە
كامىللىقىنىڭ دەرىجىسىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا بۇ يەردە پىكىر
قىلىش ھوقۇقى مۇتلەق دېمىگەندىمۇ، ئاساسەن ئاخۇنۇم-
دا. شۇڭا بىز ئۇنى كېيىسپ يېتەكچىلىك قىلىدۇ دېمىگىنى-
مىزدىمۇ، ئۇ ھەر ھالدا ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل
شەخس سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. ئەمما مەسىلە، چاتاق
دەل كېيىنكى يىلى چىقىدۇ. ئۇدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز
چىققان بوراندىن كېيىن مەھەللىگە تۇيۇقسىز بىر باخشى
پەيدا بولۇپ قالىدۇ. باخشىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ
ئەسلىدە ئىختىلاپ دەيدىغان نەرسە يوق مەھەللىدە دەس-
لەپكى قەدەمدە ئىختىلاپ ئۇرۇقى چېچىلىشقا باشلايدۇ.
ئايشىخان باخشىنىڭ سىرلىق بىر ئۇسۇللار بىلەن دورا
قايىنىتىپ كېسەل داۋالىشى مەھەللىدىكىلەرنى ھەيران قال-
دۇرىدۇ ھەم قايىل قىلىدۇ. ئاخۇنۇم بۇ ئىشقا ھۆكۈم چى-
قىرىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ بۇنى
چۈشەندۈرۈش، ھەتتا قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى ناھايىتىمۇ
ئاددىي، يۈزە، كىشىنى قايىل قىلغۇسىز رەۋىشتە ئاساس-
سىز بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ كېسەللىك، سەۋەب، دورا ھەققىدە
ئەمەس، گەپنى بىۋاستە باخشىنىڭ ئىمانىغا تاقايدۇ-دە،
بىر تەرەپتىن مەھەللىدىكىلەرنى قايىل قىلالمايدۇ، يەنە
بىر تەرەپتىن ئۆزىدىكى دىنى بىلىمىنىڭ ئۇنچىۋالا مۇكەم-
مەل ئەمەسلىكىنى، بۇ مەسىلىنى شەرھلەشتە ئاجىزلىقىنى
ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ئوڭايلا ئايشىخان باخشىنىڭ قارشى
تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە بىز باخشىنى
پەننىڭ ۋەكىلى، بۇ دىن بىلەن پەننىڭ قارشىلىشىشىنىڭ
دەسلەپكى بىخى دېمەيمىز. ئۇنىڭ كېسەل داۋالاش، دورا
ياساش قاتارلىق ھۈنەرلىرىگە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسى-
دىكى ساددا تېببىي ئاڭنىڭ تامغىسى، يەنە بىر تەرەپتىن
شامانىزم قاتارلىق بۇرۇنقى دىنلارنىڭ قالدۇق ئاسارىتى
مۇجەسسەملەشكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىشىدا بىر تە-
رەپتىن قالدۇق مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى
ئايان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇكەممەل، تولۇق، كاما-
لەتكە يەتكەن بىلەن ئۆزلەشمىگەن يەنە بىر دىنىي ئاڭنىڭ سەل بې-
چارە ھالى ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. توغراقلىق شۇنداق
قىلىپ چالا دىنىي مەپكۇرە بىلەن ئۆتمۈشنىڭ يىغىندى ئا-
سارەتلىرى تەڭ پۈت تىرەپ تۇرىدىغان سەھنىگە ئايلىنى-
دۇ ۋە بۇ ئوخشىمىغان ئىككى خىل كۈچنىڭ تىركىشىشى-
نىڭ ئۇرۇقى چېچىلىدۇ. توغراقلىقلارچۇ؟ ئۇلار ئاخۇنۇم-
نىمۇ ھىمايە قىلىدۇ، باخشىنىڭ پىشىگىمۇ ئېسىلىدۇ. ھېچ-
قايسىسىنى ئەيىبلىمەيدۇ ياكى چەتكە قاقمايدۇ ياكى پۈتۈن-
لەي بىر تەرەپتىمۇ تۇرمايدۇ. مۆتىدىل پوزىتسىيە بىلەن
ھەممىنى باغرىغا سىغداش، ھېچكىمنى كەسكىن قوللىماس-
لىق ۋە ھېچكىمگە ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرماسلىق
بىردىنلا تاشقى كۈچلەر كىرىپ كەلگەندىن كېيىنكى توغ-
راقلىقنىڭ مەنتىقىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ يېڭى كۈچتىن
ئەيمىنىش، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا پېتىنالماسلىق پىسخىك-
سىنىڭ بىخىمۇ؟

توغراقلىققا ئۇندىن كېيىن كىرىپ كېلىدىغان ماھىيەت-
لىك ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، شادى-
پاچاق ئاكا ـ ئۇكا شاتۇرلار ئۇلارنى تاشقى دۇنيا، بايلىق
ئۇقۇمى، ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بىلەن باغلىسا؛ تۇيۇق-
سىز چىققان بوراندا يوقاپ كەتكەن قۇتلۇقنىڭ 40 يىلدىن
كېيىن قۇتلۇق ھاجى بولۇپ قايتىپ كېلىشى توغراقلىقنىڭ
ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا تارىخىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلى-
دۇ. ئۇ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆلۈك، قاتمال، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇ-
شىنى يېڭىلايدۇ؛ دىنىي چۈشەنچىلەرنى جانلىق مەنگە

ئەگە قىلدۇ، توغراقلىقتا يۇملاق مەيدان ياسايدۇ؛ پەرەڭلەرنىڭ كېلىشى تېخىمۇ يىراق دۇنيانىڭ نەزىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلدۇ ۋە بۇ يەرنىڭ ئوتوپىك ئىماگىنى تېخىمۇ يىراققا ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ ئۆتكۈر، كەڭ كۆلەملىك كۈچ تالىششىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ بەدۆلەتنىڭ بەگزادىسىنىڭ كېلىشى بۇ يەردە تېخىمۇ ئۆزگىچە ھوقۇق، جەمئىيەت، ئائىلە، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى مەيدانغا چىقارسا؛ ياش مۇئەللىمنىڭ كېلىشى توغراقلىققا زامانىۋىلىق، يېڭىچە دۇنيا، يېڭىچە ئوقۇتۇش، يېڭى ئادەم چۈشەنچىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ «قارا قۇش»نىڭ غارقىراپ پەيدا بولۇشى بولسا بىر قانلىق قاباھەتتىن، شۇنداقلا توغراقلىقلارنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنياغا بولغان پوزىتسىيەسىدىن؛ سالىھ بايكارنىڭ قايتىپ كېلىشى بۇ يەردىكى قىساس تۇيغۇسى، سىياسىي ئاڭنىڭ دەرىجىسىدىن، شۇنداقلا توغراقلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ساتقىنلىق، مۇناپىقلىق كەبى ئىللەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى ئېچىپ بېرىدۇ...

توغراقلىققا كىرىپ كەلگەن ھەربىر ئۆزگىرىش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى، ئۇلارنىڭ دۇنياغا، ئۆزلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئەكسلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەككە ئايلانغان. ئاپتور بۇ جەرياننى ئەنە شۇ ئەينەككە چۈشكەن شولا تەرىقىسىدە تەسۋىرلەپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى ئىنچىكە مۇھاكىملەشكە قارىغاندا، تېز خاتىرىلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن، ئەمما ئۇنىڭ دىققەت نەزىرى توغراقلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئەڭ تۆپلۈك ئۆزگىرىش بولمىش ـ سىنىپ چۈشەنچىسىنىڭ بۆسۈپ كىرىشىدىن باشلاپ كېيىنكى داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىشلەرنى يېزىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن.

ناۋادا بىز ئالدىنقى سەككىز بابنى باشقىچە بىر مەدەنىيەت تورى دەپ چۈشىنىدىغان بولساق، بۇ جەرياندا سىرتتىن كىرگەن كۈچلەرنىڭ پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشى يەنىلا چەكلىك دائىرىدە بولۇپ، ئۇ تۆپلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىغان. شۇڭا بىز ئۇنى يەنىلا بىر قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەڭشەش جەريانى دەپ چۈشىنىمىز. بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرمۇ ئاساسەن ئۇنى مۇستەھكەملەش، ياخشىلاش يولىدىكى دائىرىلىك ئۇرۇنۇشتۇر. ئەمما تۇققۇزىنچى باپتىن 24 ـ بابقىچە بولغان مەزمۇن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان يېڭى بىر كۈچنىڭ كىرىش جەريانى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل توغراقلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى چۇۋۇپ قايتىدىن توقۇيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئورنى، سالاھىيىتى، قىممەت چۈشەنچىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىپ تاشلىغانلىق ئېتىبارى بىلەن بۇ جەريان ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگەرتكىنى يالغۇز ھاكىمىيەتلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت، ھەتتا ئادەملەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ، چۈشەنچىسىدىن تارتىپ، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىچە ھەممىنى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. ئۇ توغراقلىقنىڭ ئەسلىدىكى مەۋجۇدلۇق قۇرۇلمىسىنى تەلتۆكۈس پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭىچە ياشاش شەكلى، يېڭىچە قىممەت سىستېمىسى ۋە ئېتىم سىستېمىسى تىكلەپ بەردى. ئۇ مەدەنىيەتتىكى يېتەكچىلىك كۈچنىڭ مەنىسىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئۆزىگە خاس يېتەكچىلىك سىستېمىسى تىكلەش يولىدا ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان ھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن توغراقلىقنىڭ كەچمىش شەجەرىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ئۇنى يېزىشقا خېلى زور سەھىپە ئاجراتقان بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا بىز ئۇنىڭ بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى قانچىلىك چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

خوش، توغراقلىققا سىنىپ چۈشەنچىسىنىڭ يېتىپ كېلىشى، تەركىبىنىڭ ئېنىقلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقۇچە بولغان بۇ جەرياننى بىز نېمىشقا ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز؟ ئۇنىڭ بىز ئەستايىدىللىق بىلەن تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت تورى، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، يېتەكچىلىك ھوقۇقى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ ھەرىكەتلەر نېمىشقا ئېلىپ بېرىلدى؟ قانداق ئېلىپ بېرىلدى؟ ئۇ توغراقلىققا قانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى؟ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت تورى بۇ جەرياندا قانداق ئورۇندا تۇردى ۋە قانداق ئالاھىدىلىكنى ئايان قىلدى؟...

## 4

كۆپىنچە ئادەم مەلۇم بىر خانلىق، ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىششىنى شۇ دۆلەت، مىللەتنىڭ ھاياتىدىكى يېپيېڭى بۇرۇلۇشنىڭ باشلانغانلىقىغا بەلگە دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمما

كىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. ئۇ پەقەت قىسمەن سىياسىي ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى بولۇپ، سىياسىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بىلەن جەمئىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ زور، مۇستەھكەم، چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە ئىجتىمائىي قۇرۇلما مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا ئىنقىلاب ھەققىدە پەۋقۇلئاددە ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بارغان داڭلىق سىياسىي پەلسەپە تەتقىقاتچىسى خەننا ئارېنت (Hannah Arendt) «ئىنقىلاب مەڭگۈلۈكتۇر» دەيدۇ ۋە «ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى سىياسىي ساھەدىكى قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىش»[15] دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا يىلتىز تارتىپ كەتكەن تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئادەت، قاراشلارنى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆرۈلۈشى بىلەن تەڭلا تەختتىن بىر گەۋدىنى يۇلۇپ ئېتىۋەتكەندەك ئۇنداق ئاسان سۈپۈرۈپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئاھالىسى كۆپ خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشايدىغان ئەلدە تېخىمۇ شۇنداق. چارلىس تىللى (Charles Tilly) «دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەكلىنىشى» بىلەن «مىللەتنىڭ تەكلىنىشى»نى ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ 18-ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئايرىم - ئايرىم جەريان ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ھاكىمىيەتنىڭ تەكلىنىشى سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، سىياسىي ئاپپاراتنىڭ تەكلىنىش، سىستېمىلىشىش، تۈزۈملىشىش ۋە ئاۋامغا بولغان كونتروللۇقنى يۈرگۈزۈش جەريانى بولسا، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى - پۇقرالارنىڭ بۇ ھاكىمىيەت، دۆلەتنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭغا قاتنىششى، شۇنداقلا بەلگىلىك مەجبۇرىيەت، ساداقەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئاڭلىقلىقنىڭ يېتىلىش جەريانى ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ياۋروپادا دۆلەت ئاۋۋال قۇرۇلۇپ، مىللەت، يەنى پۇقرانىڭ بۇ دۆلەتكە بولغان ئېتىراپى ۋە ساداقىتى كېيىن شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ[16] ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇنى ھۆكۈمرانلىقنىڭ جەمئىيەتتە ئىشەنچ تورى بەرپا قىلىش - قىلالماسلىقىغا باغلايدۇ. ئۇنىڭچە جەمئىيەتتە مەۋجۇت ئىشەنچ تورىدا بەلگىلىك قارشىلىق كۈچى مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر ھاكىمىيەت ئالمىشىپ بولغۇچە بۇ ئىشەنچ تورى ئۇنى دەماللىققا ئۆز رامكىسىغا تارتىپ ئەكىرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشى، تىركىشىشى، مۇرەسسەلىشىشى مۇمكىن.[17] بىز تىللى شەرھلىگەن «ئىشەنچ تورى» بىلەن گىرەمسى تىلغا ئالغان «يېتەكچىلىك كۈچى»نى باغلاپ مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ھاكىمىيەتنى ئېلىش بىلەن ئاۋامنىڭ مەيل - رايىنى ئىگىلەشنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل جەريان ئىكەنلىكىنى، ھەتتا كېيىنكىسىنىڭ تېخىمۇ زور پەم - پاراسەت، تاكتىكا، باتۇرلۇق تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. «يېتەكچىلىك دېگەن مەلۇم بىر ئالاھىدە سىنىپ ياكى گۇرۇھ ھەددىيە قىلىپ بېرىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى تىرىشچانلىق بەدىلىگە قولغا كەلتۈرىدىغان ۋە ساقلايدىغان نەرسە»[18]. ئەگەردە بىز دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ كەڭ، ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابقا ئاتلىنىشىنى بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە تەن ئالىدىغان بولساق، «كەچمىش»نىڭ توققۇزىنچى بابىدىن باشلاپ مەيدانغا چىققان بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنىڭ كەينىدىكى مەنتىقە ناھايىتى ئايدىڭلىشىدۇ.

كۆپىنچە ئادەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى جۇڭگودىكى ئىنقىلابنىڭ ئاخىرلىشىشى دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ جۇڭگونىڭ تارىخ ساھەسىدىكى ئومۇمىي قاراش. ئەمما داڭلىق تارىخ تەتقىقاتچىسى خۇاڭ زوڭجى (黄宗智) ئەپەندى «ئىنقىلابنىڭ - توپىلاڭ ۋە خانلىقنىڭ ئالمىشىشىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى ئۇنىڭ بىر خىل دۆلەت ماشىنىسىدىن يەنە بىر خىل دۆلەت ماشىنىسىغا يۆتكىلىشىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئۆزگىرىشتە» دەپ قاراپ، «1946 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە، يەنى يەر ئىسلاھاتىدىن باشلاپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› ئاخىرلاشقۇچە بولغان جەريانىنى بىر پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابى»[19] دېيىش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار زور ئۆزگىرىش، ھەرىكەتلەر 1949 - يىلدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابقا ئوخشاشلا، ھەتتا ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا ئېلىپ كەلگەن تۈپلۈك ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەقىقەتەنمۇ تېخىمۇ ئېغىر تارد-

www.uyghurkitap.com

خې ۋەزىپىگە دۇچ كەلگەندى. ئۇ نامرات، قالاق، كېلەڭسىز بىر دۆلەتتە ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى، دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، دۈشمەنلەردىن ئېشىپ چۈشۈشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال گىراژدانلىق، پۇقرالىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى، يېڭىچە ھاكىمىيەتكە يارىشا يېڭى ئادەم بەرپا قىلىشى كېرەك ئىدى؛ سىياسىي ھاكىمىيەت ئەندىزىسىگە يارىشا ئىجتىمائىي قۇرۇلما يارىتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدىكىسى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ ساقىندىسى تۈگىمىگەن كېلەڭسىز، چۇۋالچاق بىر دۆلەت ئىدى. بولۇپمۇ بۇ جەمئىيەتتە ھىندىستان قان سىستېمىسىدىن بولغان ئامېرىكىلىق داڭلىق جۇڭگوشۇناس پراسېنجىت دۇئارا (Prasenjit Duara) ئوتتۇرىغا قويغان «ھوقۇقچىل مەدەنىيەت تورى» (权力的文化网络) ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. «دىن، جەمەت، قانداشلىق، ۋەسىلىك، بازار، شاگىرت - تالىپلىق، مەسچىت، يەر-سۇدىن پايدىلىنىش يوسۇنى قاتارلىق جىمى ھوقۇق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرىدىغان مېخانىزملارنىڭ يىغىندىسى» [20] بولمىش بۇ تور جۇڭگونىڭ ھاكىمىيەت ئەندىزىسىدە ئۆزگىچە تەرتىپ شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەندىكى ئاۋام پۇقرا ئارىسىدا تەبىئىيلا «يەرلىك سەرخىللار» (本土精英) نى ۋاستە قىلغان باشقۇرۇش مېخانىزمى پەيدا بولغانىدى. دۇئارا بۇنى نېيترال مەنىدە «ۋاستىچى، دەللال» دەپ ئاتىغان بولۇپ، مەيلى ئۇ دۇئارا ئىككىگە ئايرىغان «قوغداشچان ۋاستىچى» بولسۇن ياكى «ھايانكەش دەللال» بولسۇن، ھەر ئىككىسى ئەمەلىيەتتە يەرلىك مەدەنىيەت تورىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان سەرخىللار، نوپۇز ئىگىلىرى ئىدى. جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى مانا شۇ يەرلىك سەرخىللارغا تايىنىپ تۇرۇپ ئاندىن نورمال ئايلىنىدىغان ۋە بۇ كېلەڭسىز گەۋدىنى ئۇنۇملۈك باشقۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەنىدى. ئەمما جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلۇشىدىلا بۇنداق مەدەنىيەت تورىغا قارشى ھالدا مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك سىنىپىي مەۋقە ئاساسىدا ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى قايتىدىن باھالىغان، يېپيېڭى جەمئىيەت قۇرۇش غايىسىنى بېكىتكەنىدى. 1) ئۇ جۇڭگودىكى ئەڭ كەسكىن، ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئەڭ تۈپ مەسىلىنىڭ يەر مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى؛ 2) ئۇ جۇڭگونىڭ كېسەللەشكەن گەۋدىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ساقايتىش ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن دېھقانلارنى قوزغىتىش، شۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەندى ۋە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگونى قۇتۇلۇش يولىغا باشلىيالماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەڭ كەڭ ئاھالە ھېسابلىنىدىغان دېھقانلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىق ياكى ئىنقىلابقا دېھقانلارنى سۆرەپ ئەكىرەلمەسلىكتە دەپ ھېسابلىغانىدى؛ 3) ئۇ بەگ - تۆرىلەرنى، يەرلىك خوجىلارنىڭ كۈچىنى ئۆرۈۋەتمەي تۇرۇپ يەر، دېھقانلار مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى توسقۇنسىز كېڭەيتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەنىدى؛ 4) سانائەت، ئىگىلىك تەرەققىي قىلمىغان، ئۇزاق مەزگىللىك ئىچكى - تاشقى تالان - تاراجدا ھالسىراپ ماجالى قالمىغان بىر ئەلدە ھەربىي، سانائەت ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا دېھقانلارغا تايانماي باشقا ئامالنىڭ يوقلۇقى ئۇلارغا ئايان ئىدى؛ 5) جۇڭگودەك كەڭ، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ئۆتمۈشتىن قالغان ئاسارەتنىڭ يىلتىزى كۈچلۈك بىر ئەلدە كونا، قالاق ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىپ سوتسىيالىستىك پۇقرا يارىتىش، يېڭىچە مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئۈزۈل - كېسىل، رەھىمسىز، كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغىماي بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى.

ئازادلىق ئىنقىلابىدىن كېيىنلا دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىلا ئۇ بىر تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە، كومپارتىيە دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا بىر قىسىم رايونلاردا يەر ئىسلاھاتىنى باشلىغان، لېكىن ئۇ تېخى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش دەرىجىسىدە ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇ 1949 - يىلىنىڭ ئالدىدا جۇڭگودىكى ئەزەلدىن مەۋجۇت «ھوقۇقچىل مەدەنىيەت تورى»دىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، يېزىلاردا بازا تىكلىگەن، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، يەرلىك سەرخىللاردىن پايدىلانغانىدى. گەرچە دۇئارا پۈتكۈل 20 - ئەسىردىكى جۇڭگونى «دۆلەتنىڭ يېزىلارغا ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرىش جەريانى»[21] دەپ قارىسىمۇ، ئەمما «20 -

ئەسرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بۇ خىل سىڭىپ كىرىش خېلىلا چەكلىك ئىدى... تا 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە جۇڭگونىڭ يېزىلىرى خېلىلا ئېرىكىن ھالەتتە ئىدى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ باشلىنىشى دېھقانلارنىڭ بۇنداق تەبىئىي شەكىللەنگەن دائىملىق تۇرمۇش ئادىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش لوگىكىسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى»[22]. ئەمدى يېزىلاردىكى پۈتكۈل قۇرۇلمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك ئىدى. يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ئەڭ ئەقەللىي، ئوبيېكتىپ بەش تەلەپنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى چۇۋۇپ قايتىدىن قۇراشتۇرۇش، مەدەنىيەت تورىنى بۆسۈپ قايتىدىن توقۇش كېرەك ئىدى. ئىش سىنىپ چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان كۈرەشتىن باشلاندى.

چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرىدىن گو يۇخۇا (郭于华) بىلەن سۇن لىپىڭ (孙立平) بۇ جەرياننى «شىكايەت قىلىش← سىنىپىي ئاڭ← چېگرا ئايرىش← دۆلەت ئىگىنى تىكلەش»[23] دەپ ئىخچاملاشتۇرىدۇ. نېمىدىن شىكايەت قىلىدۇ؟ ئۆتكەن كۈنلەردە تارتقان جەبىر-زۇلۇمدىن! بىرازىلىيەلىك داڭلىق تەتقىقاتچى پائۇلو فرىرنىڭ (Paulo Friere) مەشھۇر ئەسىرى «ئېزىلگۈچىلەرگە تەلىم»[24]دا مۇھاكىمە قىلىنغان نەرسە دەل شۇ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن زۇلۇم چەككەنلەرگە ئۆزى چەككەن زۇلۇمنى شىكايەت قىلىش، سۆزلەش، ئۇنى بايان قىلىشنى ئۆگىتىش. ئەلۋەتتە جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان «شىكايەت قىلىش» ئىنتايىن مۇھىم ھەرىكەت ۋاستىسى بولۇپ، شىكايەت قىلغاندىن كېيىنلا بۇ يەردە تەركىبكە ئايرىش؛ سەۋەبلەش؛ گۇناھ شەكىللەندۇرۇش؛ ئۆچمەنلىك قوزغاش؛ بىراۋنى ئەيىبلەش، ئۇرۇش، دۇمبالاش، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشنى ھەق، دۇرۇس دەپ قاراشتىن ئىبارەت نۇرغۇن ئەگەشمە يوللارغا يېشىل چىراق يېقىلاتتى. بولمىسا توغراقلىقلار قانداقمۇ ۋىلاخۇنىي ئۇرغىلى ئۇنىسۇن؟ ھايۋانلارنىڭمۇ ھەققىنى يېيىشتىن قورقىدىغان ئادەملەر قانداقسىگە ئۇنىڭ مۈلكىگە چاڭ سېلىشتىن ئەيمەنمىسۇن؟ مانا شۇنداق شىكايەت قىلىش ۋە سەۋەبلەش ئارقىلىق ۋىلاخۇندەك ئادەملەر گۇناھكار، زۇلۇم سالغۇچى، زەھەرخەندە ئادەمگە تۈرلەندۈرۈلمىسە كىشىلەر قانداقسىگە بۇنداق «يەرلىك سەرخىل»لارنى يۇلۇپ تاشلاشنى توغرا دەپ قوبۇل قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇنى رەزىل ئەزگۈچى، پومشچىك، باشقىلارنىڭ قېنىنى شورىغۇچى سۈپىتىدە ياساپ چىقمىسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانداقسىگە چەكچېگرا ئاجراتسۇن؟ ئەگەر يېڭى بىر تۈركۈم ئادەملەرنى يېتەكچىلىك كۈچى سۈپىتىدە سەرخىللار دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىسە بۇ ھەردكەتنى قانداق داۋاملاشتۇرغىلى بولسۇن؟ شۇنداق قىلىپ، نەممەت، بۇخېلچىخان كەبى ئادەملەر يېڭى سەرخىل كۈچ سۈپىتىدە باش كۆتۈردى ۋە ئەسلىدىكى يەرلىك سەرخىللار تۈنجۈقتۇرۇلدى. «جەمەتچىلىك، قانداشلىق دېگەندەك ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە، شۇنداقلا ئۆرپ ـ ئادەت، دىن دېگەندەك مەدەنىيەت سىمۋول سىستېمىلىرى پۈتۈنلەي يىمىرىپ تاشلاندى، يەنى دۇئارا تىلغا ئالغان ھوقۇقچىل مەدەنىيەت تورى بۆسۈۋېتىلدى»[25].

تەركىبنىڭ ئېنىقلىنىپ، سىنىپ چۈشەنچىسىنىڭ تەدبىقلىنىشىنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى كەسكىن بۇرۇلۇش دېيىش مۇمكىن. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. توغراقلىققا نىسبەتەن ئالغاندا، ئەسلىدىكى ئاتلىبالا، جامائەت، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق، نىكاھ قارىشىدىن تارتىپ، جامائەتنىڭ كوللېكتىپ ئىشلىرىدىكى تەشكىللىنىش تەرتىپىگىچە جىمى نەرسە قايتىدىن چۇۋۇپ توقۇلدى. «يەرلىك سەرخىل»لارنىڭ نوپۇزى بىتچىت قىلىندى، ھوقۇق، ئىمتىياز، نوپۇز دەيدىغان نەرسىلەر سۈپۈرۈپ تاشلاندى. ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. ئەزەلدىن يەرنىڭ ئىگىسى خۇدا، بىز ئۇنىڭدىن تېرىپ پايدىلانغۇچىلار، مەنپەئەتلەنگۈچىلەر دەپ بىلىپ كەلگەن توغراقلىقلار ئەمدى يەرنى ھۆكۈمەت بەردى، دەيدىغان بولدى. قىزىل ساقال موللىنى ئۆلتۈرۈشتى. بىر ـ بىرىگە تىغ كۆتۈرۈش تۈگۈل، ئۈنلۈكرەك ۋارقىرىشىپمۇ باقمىغان ئادەملەر ئىككى سەپ بولۇپ بىر-بىرىنى قوغلاپ دۇمبالايدىغان، سىرتتىن ئادەم باشلاپ كىرىپ قىرغىن قىلدۇرىدىغان بولۇشتى. بۇلاقنىڭ سۈيىنىمۇ ھايۋانلار بىلەن كېڭىشىپ ئىچىشىدىغان، بىر تۈپ دەرەخ كەسسە، ئورنىغا ئون تۈپ تىكىدىغان توغراقلىقلار دۆلەت غايىسىگە مارش تۇۋلاپ ماڭدۇرۇلغاندا، زەبەر

دەست توغراقلار گۈرسۈلدىتىپ يىقىلدۇرۇلدى. بىر چاغلاردىكى بۈك ـ باراقسان توغراقلىق، قاراڭغۇ ئورمانلىق، خىيابان غايىۋى ماكان بىردىنلا قۇشقاچ قونىدىغان، ئادەم سايىدايدىغانغىمۇ ئۆرە نەرسە تاپقىلى بولمايدىغان قاقىرام جاڭگاللىغا ئايلىنىپ كەتتى...

خوش، شۇنداقمۇ بولدى دەيلى، سىنىپ ئۇقۇمىنىڭ كەڭ كۆلەملىك كېڭىيىشى توغراقلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى قايتىدىن توقۇپ چىقتىمۇ دەيلى، مەدەنىيەت تورىنى بۆسۈۋەتتىمۇ دەيلى، ئۇ كىشىلەرگە قانداق يېڭىچە قىممەت سىستېمىسى تىكلەپ بەردى؟ كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانداق خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسى تاپتى؟ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت تورىنى قايتىدىن توقۇماقچى بولغان بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلما كىشىلەرگە يېڭى بىر ئىشەنچ تورى توقۇپ بېرەلىدىمۇ؟ كىشىلەر سىنىپ كىشىلىك ھاياتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمىگە ئايلانغان شۇ يىللاردا ھاياتنىڭ خۇشلۇقىنى نەدىن تاپتى؟

5

نەمەت، ئابدۇغېنى ئاخۇنلار ئۆزلىرى تاغدەك ئىشىنىپ ئەقىدە قىلغان نەرسىلەر بىردىنلا ئاخىرلىشىپ، مۇتلەق ھەقىقەت دەپ ئەگەشكەن يول خاتاغا چىقىرىلىپ بىردىنلا نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغاندا؛ كوممۇنانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، يەرنى ئۆلەشتۈرۈپ بەرمەسلىك كېرەك دەپ تىپىرلىغاندا؛ ۋە ئاخىرى رېئاللىققا تەن بېرىپ ياۋاشلاپ كەتكەندە؛ بىر چاغلاردا «خۇدا يوق، ئۇنى كىم كۆرۈپتۇ» دەپ يۈرگەن ئادەم بىردىن سەللىنىڭ يوغىنىنى يۆگەپ مەسچىتنىڭ ئالدى سېپىگە شۇڭغۇپ ئولتۇرغان، ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتتە قول باغلاپ تۇرغاندا مەن بۇ قارا يۇمۇرمۇ ياكى تىراگېدىيەمۇ؟ ئۇلارنىڭ پاجىئەسى ياكى تارىخنىڭ رەھىمسىزلىكىمۇ؟ بىلەمەيلا قالدىم. خۇاڭ زوڭجى ««مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سىنىپي كۈرەشنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىق ئىپتىمنىڭ قىيامىغا يېتىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھالاكىتىنىڭمۇ بىشارىتىدۇر»[26] دېگەنىكەن. نەمەت شۇنداق بولارنى بىلەمتى؟ ياق! ئۇ بۇنداق باشلىنىشنىڭ تەگ ـ ماھىيىتىدىكى ئىستراتېگىيەنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەتنىمۇ چۈشەنمەيتتى ھەم ئۇنىڭدا بۇلارنى چۈشىنىش ئارزۇسىمۇ يوق ئىدى. ھەم ئويلانمىسىمۇ بولاتتى. ئۇ دەۋر ئويلىنىدىغانلارنىڭ دەۋرى ئەمەس ئىدى. مېرتون ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ئىككى خىل شەكلىنى خۇلاسىلاپ چىققان بولۇپ، بىرى تەرتىپ ـ مىزانسىز جەمئىيەت، يەنە بىرى مۇراسىمچىل چوقۇنۇش جەمئىيىتىدۇر [27]. تەرتىپ ـ مىزانسىز جەمئىيەتتە مەقسەتلا تەكىتلىنىدۇ، ئۇنى تەڭشەپ، توغرىلاپ تۇرىدىغان كۈچ بولمايدۇ، بولسىمۇ بۇنداق كۈچ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ؛ مۇراسىمچىل چوقۇنۇش جەمئىيىتىدە بەلگىلەنگەن تەرتىپكە مۇتلەق سادىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. تار مەنىدىكى سىنىپ چۈشەنچىسى بىردىنبىر ئۆلچەمگە ئايلانغان ئاشۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا بۇ ئىككى ئاشقۇنلۇقنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققانىدى. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىدىن تارتىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئېتىبارى قالمىغانىدى. لېكىن ئۇ مۇشۇ ئىنكارچىلىقتا يەنە خۇراپاتلىقنى تىرىلدۈرگەنىدى. ئارېنتنىڭ «بەزى ئىنقىلاب يېڭى نەرسە بەرپا قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە كونا ھاكىمىيەتنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدۇ»[28]، دېگىنىدەك بولدى، «ئىنقىلاب ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى يېدى»! دىنىنى ئىنكار قىلغان بۇ قۇرۇلمىدا دىنىي مۇراسىملارغىلا خاس چوقۇنۇش، مۇتلەق ساداقەت، گەپ ـ سۆزسىز پىداكارلىق ئەۋجىگە چىقتى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەردە راستىنلا سۆزسىز ساداقەت شەكىللەندۈرەلىدىمۇ؟ خەلقنى چىن قەلبىدىن ئىشەندۈرەلىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە، دۆلەت تونۇشى باشقا گەپ، تەرغىپ قىلىنغان جەمئىيەت لايىھەسىگە ئىشىنىش باشقا گەپ. ئۇ ھەممىنى قايىل قىلدىغان ئىشەنچ سىستېمىسى بەرپا قىلالىدىمۇ؟ راستىنى دېگەندە بىر قىسىم ئادەملەر ھەقىقەتەن ئىشەندى. نەمەت، ئابدۇغېنى ئاخۇنلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئەمما يەنە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، «بۇ جەرياندا كۆرۈلگەن دۆلەتكە بولغان سۆيگۈ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدىن پەيدا بولماستىن، بەلكى دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك كۈچتىن پەيدا بولغان ئەيمىنىش، قورقۇشتىن شەكىللەنگەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس»[29]. لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدىغان يېڭى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئايلاندـ

مۇ؟ كونا قۇرۇلمىنىڭ ئاسارىتىنى راستىنلا تەلتۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلىيالىدىمۇ؟

قارىسام، لىۋ لىگو ئېغىزىدا يېڭى زامانىنىڭ گېپى بولغان بىلەن ۋۇجۇدىدىن، روھىدىن فېئودالىزمنىڭ تەبىقە قارىشى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ھىدى يەتكۈچە تېپىپ تۇرغان ھالدا پۇتنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپتۇ. نەمەت گاراڭلىقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي باش قاشلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئابدۇغېنى ئاخۇن ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن مۆكچەيگەن ھالدا ئېتىزلىقتا ئوت ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەممىدىن جىق خورلۇق، جاپا، مۇشەققەت چەككەن زەينەپچۇ؟

كۆزۈمدىن ياش كەتتى. «ئالتۇن قاداقلىق دوپپا كىيىپ، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان كىچىك زەينەپ؛ ئاددىي مارجان دوپپا، چىت كۆڭلەك كىيىۋالغان، تومۇز ئىككى ئۆرۈم چېچىنى سىلكىتىپ قويلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان ‹پومىشچىكنىڭ قىزى› زەينەپ؛ بىر بالىسىنى يېتىلەپ، بىرىنى كۆتۈرۈپ، قولتۇقىغا تاغار قىسىپ ئېتىزلىققا كېتىۋاتقان ئېغىر ئاياغ زەينەپ؛ ئاچارچىلىق يىللىرىدىكى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، تۆكۈرۈكىنى يۇتۇپ، ئاخىرقى بىر بۇردا ناننى بالىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋاتقان زەينەپ؛ داجەيدىن ئۆگىنىش يىللىرىدىكى كۈنىگە 12 سائەتلەپ ئىشلەپ، ئىشتىن ياندىغان چاغدا ماڭالماي، ئىككى پۈكلۈپ ئېتىزلىقتا يېتىپ قالغان زەينەپ» ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىغاندا، مەن كىتابتىن چىقىپ كەتتىم. قەلبىمدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر تۇيغۇ كۆۋەجەيتتى. ئىجتىمائىي قۇرۇلما دېگەن نېمە؟ مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ بىر توپ خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئەس، سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا، يوشۇرۇن ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن روھنىڭ ئۆزگىرىشى ئاسان ئەمەس ئىكەن. مەدەنىيەتتىكى تور قارىماققا بۆسۈلگەن، يېتەكچى كۈچلەر پۈكلىنىۋېتىلگەن بىلەن ئۇ يەنە توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆزىنى ئۆزى قۇرىدىكەن، توقۇيدىكەن. ئاشكارا مەيدانغا چىقالمىسا، پىنھانلاردىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق كۈيىنى جاراڭلىتىپ مېڭىۋېرىدىكەن. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى تۇغراقلىقلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ جىمجىت، ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا ئاشۇ غايىۋى ماكانىنى ھېكايە قىلىشى، ۋىلاخۇننى قەلب تۆرىدە يەنىلا ھۆرمەت، ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشى ئىدى. بوردىئۇ شەرھلىگەن قۇرۇلما بىلەن سۇبيېكتنىڭ ئايرىملىقى شۇ بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قۇرۇلمىغا ئۆزىنى ئايرىم مەلۇم قىلغان بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يەنە بىر رېئاللىقنى قۇرۇپ مېڭىۋېرىدىغانلىقى مانا شۇ بولسا كېرەك!

زەينەپ بەزىلەرنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسىگە، ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىشىغا ۋايساپمۇ قويماستىن قەيسەرلىك بىلەن يۈزلەنگىنىدە؛ ئاچلىقتىن لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەن تۆرۈقلۇقمۇ تۇغقان بولسىمۇ يەنىلا يات بىر ئەر نان ئۇزاتقىنىدا قۇرسىقىم توق دەپ ئۆزىنى نومۇس لىباسىغا ئوراپ چەتكە ئالغىنىدا؛ «بولدى، سەن چوڭ بولماپسەن، زەينەپ» دەپ توي كېچىسىمۇ مەردانىلىق بىلەن قىزنىڭ ھايا - ئىباسىغا ئەگەشكەن توختىنى ھەيران قالدۇرۇپ ئەسەبىگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ باغرىغا شۇڭغىغىنىدا؛ خورلۇق، ئىزا، ئاچارچىلىق دەستىدىن يىقىلغان دادىسىنى ئويلاپ ئېتىزلاردا كۆزى ياش دەلدۈگۈنۈپ يۈرگىنىدە؛ ئاخشىمى بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ بولۇپ، جىن چىراقنىڭ يورۇقىدا ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ ھارغىن سوزۇلۇپ ياتقان تۇرقىغا قاراپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالغىنىدا؛ غايىبتىن نىجادلىق ئىزدەپ غايىب بولغان ئېرىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي ھاياتنىڭ بارلىق مۇشكۈللىرىگە دادىل يۈزلەنگىنىدە ئۆلمەس بىر كۈچنى نامايان قىلغانىدى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان زەينەپ باشقا بىراۋ بىلەن توي قىلىپ كەتكەندىمۇ ئۇنى يەنىلا ئۇنتۇيالمىغان، بۇ پاكىز سۆيگۈنى ئەخلاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇۋەتكەن ئابدۇغېنى ئاخۇن ئۆزى پايپاسلاپ چېپىۋاتقان، ئىشەنگەن، ئەقىدە قىلغان سىنىپ چۈشەنچىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. كوممۇنا قۇرۇشتا قارشىلىشىپ قالغان بىلەن توي - تۆكۈنلەردە ۋە ئادەتتىكى گەپ - سۆزلەردىمۇ تۇغراقلىقنىڭ گۈزەل ئۆتمۈشىنى ھېكايە قىلىپ يۈرىدىغان شۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى راستىنى ئېيتقاندا رېئاللىقنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئەسلىدىكى ئېجىل - ئىناق، مەنىلىك ھايات كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يوقاپ كەتكەن بىلەن ئۇ ئىچكىلىشىپ كەتكەنىدى. «ھەقىقىي ئىجتىمائىيلاشقان ئادەم بالىلىق مەزگىلىدە مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ قىممەت قارىشىنى ئىچكىلەشتۈرىدۇ. بۇنداق قىممەت قاراش ئەخلاق تەبىئىتىگە ئايلىنىپ شۇ كىشىنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىدۇ ۋە بۇنداق

بىرلىككە كەلگەن، جامائەت تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان، تۈزۈملەشكەن ئارزۇنى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشنى نومۇس، شەرمەندىچىلىككە، ۋىجدان ئازابىغا ئاپىرىدۇ دەپ بىلىدۇ» [30]. ۋىلاخۇننى دۇمبالىغاندا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانلاردا بۇنداق ۋىجدان ئازابى، ئەخلاق تەبىئىتى، تۈزۈملەشكەن ئارزۇ يوق دېيەلەمدۇق؟ بىر بۇردا نانغا زارۇ-زار بولۇپ تۇرغان مەھەللە زەينەپخاننىڭ ھويلىسىغا بۇغداي تاشلاپ قويغان ئابدۇغېنى ئاخۇننى بىز پەقەت زەينەپكە بولغان سۆيگۈسى تۈپەيلىلا شۇنداق قىلغان دېيەلەمدۇق؟ مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىك كۈچى ئىچكىلەشكەن، ئەخلاق تەبىئىتىگە، ۋىجدانىي بۇيرۇققا ئايلانغانىدى. نەمەت تاز گەرچە قانۇنلۇق يېتەكچىگە ئايلانغان بىلەن، لېكىن توغراقلىقلار ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلمىغانىدى، ھەتتا زەينەپنىڭ قىزى زۇمرەتمۇ ئۇنى «نەمەت تاز» دەپ تىللىغىنىچە قاچىدۇ. دېمەك چوڭلاردىن كىچىككىچە يەنىلا ئاشۇ قىممەت قاراشتىن ۋاز كەچمىگەنىدى، يەنىلا شۇ خىل مەدەنىيەت تورىدا كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ھاياتنىڭ بۇ ئېغىرچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئاچچىق كەچمىشنى ھېچنېمىنى مەنسىتمەيدىغان ھەزىل، چاقچاق ۋە بىغەملىكى بىلەن مەنىۋىيىتىگە يېقىن يولاتمىغان، مۇھەببەتلىك دۇنياسىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. بولۇپمۇ ئاپتورنىڭ ئەنە شۇنداق ئېغىر، قۇرغاق يىللاردىكى زەينەپ بىلەن توختىنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى، مەنىۋى ھاياتىدىكى ئۆلمەس گۈزەللىك، قەيسەرلىك، پاكىزلىق، ھالاللىقنى يازغاندىكى مۇڭىغا، زوقىغا ھەيران قالدىم. ئۇ بايانى تارىختا بولغان پوزىتسىيەگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

ھەقىقەتەنمۇ، توغراقلىقلار مەدەنىيەت تورىغا قارا قول سوزۇلغان ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا تەمكىنلىك بىلەن ياشىغانىدى. ئۇلار جىسمىنى ھازىرنىڭ رېئاللىقىغا تاپشۇرغان بىلەن روھىنى ئۆتمۈشنىڭ گۈزەل خاتىرىسىگە قويۇۋەتكەنىدى. بۈگۈننىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ قارا سايىسىدا روھىيىتى ئۇنىڭدىنمۇ مۇستەھكەم مەدەنىيەت تورىنىڭ ئىچىگە سولىۋەتكەنىدى. قۇلىقى ئىزا - ئاھانەت، تاپا دەشنامدا بولسىمۇ، ئېغىزى ھەممىنى كۆتۈرۈپ كېتىدىغان ۋە ھېچنېمىنى ھار ئالمايدىغان، ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋەتمەيدىغان غەمسىز، پەرۋاسىز چاقچاق، ھەزىلدە ئىدى. ئۇلار ئارتىسمۇ؟ ئۇلار نىقابلىق ئۇسۇلچىمۇ؟ ئۇلار بۇيرۇغان ئويۇننى ئويناپ - ئويناپ، ئۆزىنىمۇ ھاردۇرىدىغان، رېژىسسورنىمۇ كاردىن چىقىرىدىغان تۆمۈر كىيىم، گەج تەنلەرمۇ؟ ئۇلارنىڭ سىرتى سوغۇق، ئەمما ئىچىدىن ئوتنىڭ تەپتى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ. ئۇلار مۇز ئاستىغا بېسىلغان گۈلخان. ۋۇجۇدىنى، كۆڭلىنى ياشارتىپ تۇرىدىغان ئۆلمەس بىر ئېتىقاد يەنىلا ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي ماھىيەتتۇر. شۇڭا سىنىپ، ئۈزۈلمەس ھەردكەتلەر ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى، ئورنىنى ئۆزگەرتسىمۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىگەنىدى، كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ ئېڭىدىكى تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتالمىغانىدى. ئۇلارنى بەجايىكى غازىڭى سۇپۇرۇۋېلىنغان، شاخلىرى پۇتۇۋېلىنغان، غوللىرى كېسىۋېلىنغان، ئەمما يىلتىزى قاراڭغۇ يەر تەكتىگە مۇستەھكەم باغاش سوزغان، تومۇر-تومۇرلىرىدا جۇشقۇن ھاياتلىق كۈچى كۆۋەجەپ تۇرغان بەردەم توغراقلارغا ئوخشاتقۇم كەلدى. ئۇنىڭ سىرتى قاقاس، ئىچى چىمەن ئىدى؛ سىرتى قاقشال بولۇپ كەتسىمۇ، ئىچى ئۆلمەس بىخلارغا ھامىلدار ئىدى. زەينەپ بىلەن توختى ئاشۇنداق ئېغىر قىيىنچىلىق، خورلۇق ئىچىدىمۇ راھەتبەخش مەنىۋى توقلۇق تاپالىغان، تۇرمۇشنى مەنىگە ئورىيالىغان ئىدى. لېكىن نەمەت بىلەن ئالتۇنگۈلچۇ؟

خالىدە ئىسرائىل مەدەنىيەتتىن ئاپىرىدە بولغان ئۆلمەس بىر روھنى ئايان قىلىپ بەرگەنىدى. ئەمما...

6

گەپ ئەمدى چىقىدۇ. شۇنچە ئېغىر يىللاردا ئىپادىلەنگەن رېئاللىقتا ئۆزگەرگەندەك قىلغان بىلەن ئەمما ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا يەنىلا خېلى كۈچلۈك مەدەنىيەت تورىنى مەھكەم ساقلاپ قالغان توغراقلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى نېمىشقا ئاپەتلىك يىللار ئۆتۈپ كەتكەن، جاھان سۈزۈلگەن، خاتا سولچىل سىياسەتكە خاتىمە بېرىلگەندە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تېز رەۋىشتە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟ ئېغىر يىللاردا بۇنچىۋالا ياتلىشىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىگەن توغراقلىق نېمە دەپ بىر قاتار ئائىلە، ئەخلاق پاجىئەلىرىنىڭ، مەنىۋى بۇلغىنىشنىڭ ئارىسىدا قالدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئالىڭ، چۈشەنچىسى نېمىشقا شۇنچە تېز، جىددىي

بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟...

رومانىنىڭ 25 ـ بابىدىن 35 ـ بابىغىچە بولغان مەزمۇنىنى بىز توغراقلىقنىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق مەدەنىيەت رامكىسىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى دېيەلەيمىز. ئەلۋەتتە، ئۇ تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى باراۋەر دىئالوگ رامكىسى ياردەتالمىغان تەڭسىز قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدىكى سىقىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. 30 يىللىغا يېقىن جەرياندىكى تۈگمەس ھەرىكەت ۋە قورساق غېمىدىنمۇ ئاشالمىغان غۇربەتچىلىكنىڭ دەردىدە ئىگىلىكى خارابلاشقان؛ مەدەنىيەت چۈشەنچىسى پىنھان ھالەتتە ئاران ـ ئاران ئۆزىنى ساقلاپ قالغان؛ بىر بېجىرىم جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك تەرتىپ ـ مىزانلىرى ئاممىۋى ساھەدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان؛ باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئاكتىپ پىكىرلىشىش ھالىتىدىن ئاساسەن مۇستەسنا قالغان بۇ كىچىك مەھەللە بىردىنلا تاشقى دۇنيانىڭ قاينام ـ تاشقىنلىقىغا چىقىپ قالغانىدى. ئاشۇ ئېغىر يىللارنىڭ ئاخىرى بىغۇبار، گۈزەل قىز زۇمرەتنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خاتىمىلەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ كەينىگە ناھايىتى چىق مەنالار سىڭىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تارىخنىڭ جاراھەتلىرىگە كۆمۈلۈپ كەتتى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى... زەينەپخاندا ئۇنى ئەسلەشتىن، سېغىنىشتىن، ياد ئېتىشتىن باشقا نېمە قالدى؟ ئۇنى رېئال ھاياتتا باغرىغا باسالامدۇ؟ ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلاندۇرالامدۇ؟... توغراقلىقلار مانا مۇشۇنداق يوقىتىشنىڭ ئىچىدە بۇ قاراڭغۇ دەۋرنىڭ بوران ـ چاپقۇنىدىن چىقىدۇ. 25 ـ باب ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشقا ئىشارىدۇر. روزاخۇن توغراقلىقتىن چىقىدۇ. توغراقلىق بىنورمال ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ قوينىدىن نىسپىي بولسىمۇ چىقىدۇ. لېكىن قانداق چىقىدۇ؟ يالىڭاچ، قاقسەنەم چىقىدۇ؛ تەرتىپ ـ قائىدىلەر، مۇقەددەس مىزانلار، يەرلىك سىرخىللار، مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىك كۈچى سۇندۇرۇلغان ھالدا چىقىدۇ! ئاچ نېمىنى قىلىدۇ؟ يالىڭاچ نېمىنى قىلمايدۇ؟ 30 يىللاپ مۇقەددەس مىزانلارنى دەسسەپ ئويىنىغان، توختىماي كۆرەش، پىپەن، ئۇرۇپ ـ سوقۇش ئاستىدا ئۈنسىز ئىنتائەت قىلىپلا كۆنگەن، كۆندۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ ۋە نېمە بالالار كەلمەيدۇ؟ نەچچە ئون يىللاپ مۇشۇنداق ھەرىكەتنىڭ ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئىلمىي ئائىلە تەربىيەسىدىن مەھرۇم قالغان بالىلار كىمدىن ئەيمەنسۇن؟ نېمىلەردىن قورقۇپ، تەپتارتسۇن؟ مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزى ئۆلگەن، سەرخىللارنىڭ زۇۋانى ئۆچكەن جەمئىيەت ئەسلىگە كېلىپ بولغۇچە يەنە قانچىلىك جەريان كېتەر؟ ئۇنىڭغىچە قانچىلىك ئىشلار يۈز بېرەر؟ ھەئە، بولىدىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدۇ...

توغراقلىقلار يول تېپىش كېرەكلىكىنى، پۇل تېپىش كېرەكلىكىنى، ئەمەل، مەنسەپ، ھوقۇق قوغلىشىش كېرەكلىكىنى، ۋاستە، يول تاللىماي شۇ نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىلا جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقنى تونۇپ يەتكەندەك بولىدۇ. سولچىللىققا خاتىمە بېرىلگەندە، ئەنئەنىلەرمۇ قايتىدىن تىرىلگەنىدى، يېڭى، يات نەرسىلەرمۇ شۇنچە شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلگەنىدى. توغراقلىقتا كومېدىيەلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئابدۇغېنى ئاخۇن گاڭگىراپ، تېخىمۇ ياۋاشلاپ قالىدۇ؛ نەمەت دۇيجاڭ سەللىنىڭ يوغىنىنى يۆگەپ مەسچىتكە كىرىۋالىدۇ؛ داۋۇت كاناي بىردىنلا كاتتا بايغا ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ رۇستەم غۇرۇر دېگەننى بىر ياققا چۆرىۋەتكەندىلا ئۆسكىلى بولىدىغانلىقنى تونۇپ، كۆزنى يۇمۇپلا ئەمەل يولىغا شۇڭغۇيدۇ ۋە رەسمىي ھايانكەش دەللالغا ئايلىنىپ ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ؛ توغراقلىقنىڭ ئايىغىدىن نېفىت چىقىدۇ؛ بازار ئېچىلىدۇ؛ سېچۆەن ئاشخانىلىرى، پاھىشە قىزلار پەيدا بولىدۇ؛ دىلمۇرات ئىچكىرىدە ئوقۇپ چىقىپ ئىلمىي پىداكارلىق بىلەن جەمئىيەتلەشكەن غەيۋەت ۋە بىنورمال ئىلمىي مۇھىتنىڭ ئارىسىدا تېڭىرقاپ زەردىگۈش بوپكېتىدۇ؛ خانقىز ئىستىقبالنى باشقا بىر مەدەنىيەتكە قوشۇلۇشتىن ئىزدەيدۇ ۋە ئۆزلۈك ئېتىراپىدىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق ئۆزگىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىش يولىغا ماڭىدۇ؛ دىلمۇراتنىڭ ئايالىمۇ قىزىنىڭ ئانا تىلنى ئۇنتۇپ كەتكىنىدىن پەخىرلىنىپ ياشايدۇ؛ رۇستەمنىڭ بالىسى، توغراقلىقتا جەننەتتەك گۈزەل يۇرت بىنا قىلغان توختاخۇننىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى بولمىش ئالىم ئەنە شۇ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىگە خاتىرجەم سىيىدۇ!...

زەينەپ ئىلاجسىز قالغانىدى، توغراقلىق ئامالسىز قالغانىدى. بىر چاغلاردا ئاچلىق ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممەت مەسلىسىدە تالان ـ تاراج بولغان كىشىلەر ئەمدى

www.uyghurkitap.com

كىملىك، سالاھىيەت مەسىلىسىدە تىنىما ـ تالاش بولۇۋاتاتتى. بۇ ئەمدى جاننى قانداق بېقىش مەسىلىسى ئەمەس، قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەسىلىسىگە يۈكسەلگەنىدى. تارىخنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئاقىۋەت ھاياتلارنىڭ ئاجىزلىقىغا ئايلانغانىدى. مەدەنىيەتتىكى يېتەكچىلىك ھوقۇقى يىمىرىپ تاشلانغاندىن كېيىنكى توغراقلىق گويا چېچۈۋېتىلگەن قۇم دانىچىلىرىدەك تىل، دىل بىرلىكىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى. دىلمۇرات دەردىگە دەرمانى نامەلۇم مەنزىللەردىن ئىزدەپ باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىلھامجان دەردلىك تولغىنىپ تۇرۇپتۇ. تاجىگۈل، رۇستەم، مەخەتتەك ۋاستە تاللىمايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىمۇ، قىزلىرىنىمۇ ساتىدىغان، ئالدى-كەينىگە قارىماي بۇزۇقچىلىق قىلالايدىغان ئادەملەرنىڭ يولى ئوچۇق. يەنە شۇنداقلا رىشاد ھاجىدەك دىندىمۇ، پەندىمۇ، جاھاندارچىلىقتىمۇ تولغان پەزىلەتلىك ئادەملەرمۇ تۇرۇپتۇ. ھەممىنى بىلگەن روزى بولسا دەردۇ-بالانى ئىچىگە سىغدۇرالماي ساراڭ بولدى ۋە ئاخىرى پارتلاپ ئۆلدى. توغراقلىق ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق، بىر گەۋدىلىشىش بىلەن كۆپ قۇتۇپلىشىش ئارىسىدىكى زىددىيەتلىك قىسىلچىلىقتا چايقىلىپ تۇرۇپتۇ...

زەينەپخاننىڭ يۈرىكى ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە جىمجىت تىكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ «بىر پاك ئېتىقادتەك» ئۇلۇغلۇقى بىلەن كېلىنىگە كىملىكنى ئامانەت، ۋەسىيەت قىلدى ـ دە، كەتتى. ھەممىنى بىلگەن ساراڭ روزى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پارتلاپ ئۆلگەندە، توغراقلىقنىڭ پاك ئېتىقادتەك روھى تۈۋرۈكمۇ غولاپ چۈشتى، توغراقلىقنى قۇم باستى...

زەينەپخان توغراقلىقنى تىرەپ تۇرىدىغان بىر مەنىۋى تۈۋرۈكتەك قىياپەتتە كىشىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدىغان ئانا. توغراقلىقتىكى ئەڭ قەدىمي بۇ جەمەت ئاتىسىز، باشپاناھسىز قالغان مەۋجۇتلۇق ئىدى. ئەمما ئۇ ئاتىسىز قالغان بىلەن مۇستەھكەم بىرلىكنى يوقاتمىغان بىرلىك ئىدى. زەينەپخان بۇ بىرلىكنى جان تىكىپ قوغدىغانىدى. ئۇ يىرتىلغان مەدەنىيەت تورىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىلەن ئۈن ـ تىنسىز ياماپ تۇراتتى. رەسۋالىشىپ ۋىجدانىدىن كېتەي دېگەن رۇستەممۇ ئانىسىنى ھەر ئەسلىسە كۆزىدىن ياش كېتىدۇ؛ ئانىسى كۆرسە ئۆزىنى تۇتالماي ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىدۇ. ئۇ نەۋرىسى ئەجدادلىرىنىڭ بېشىغا سىيسىمۇ ئاچچىقلانماستىن ئىچىگە يۇتۇۋېتەلەيدىغان، باللىرى ئۆزىنىڭ يىلتىزىدىن چەتنەپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇلارغا سەپرالىق بىلەن چېچىلماستىن يەنە چەكسىز باغرى كەڭلىكى بىلەن قۇچاق ئاچالايدىغان، ئۇنى مۇلايىم مېھرى بىلەن ئەسلىي كىملىكىگە چاقىرالايدىغان ئانا. ئەجەبا ئەمدى بۇ كىملىكنىڭ ئاداققى چېكىمۇ؟ مەۋجۇدلۇقنىڭ ئەڭ بىچارە تىركىشىشىمۇ؟ بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقتىكى جان تالىشىشىمۇ؟ بىلمەيمەن. ئەمما مەن ئۇنىڭدىكى سىغىمچانلىقتىن توغراقلىقنىڭ خىيابان غايىۋى ئىماگىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىگە كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. توغراقلىقنى قۇم باسقاندا، زەينەپخان ئۆزىنىڭ ئىللىق مېھرىدە ئۇنى تىرىلدۇرگەنىدى ۋە ئۇنى مەڭگۈ ئۆلمەس بىر ئۇتوپىيەگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى...

7

ئەڭ ئاخىرقى باب ماھىيەتتە ئەڭ باشتىكى بىر باب بىلەن تەڭكەشتۇر. يازغۇچى توغراقلىقنى تىرىلدۇرگەن، ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ زەينەپخاننىڭ يۈرىكىدىن تاپشۇرۇۋېلىپ بايانچىنىڭ ئارزۇسى سىڭگەن بىر ئۇتوپىيەگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئاشۇ ئۇنتۇلماس مەنزىرە، قويۇق ئورمان، كۆجۈم مەھەللە، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن غەرەزسىز ئادەملەر... ئۇ يەرگە بىر جۈپ يولۋاس قايتىپ كەلگەنىدى.

بۇ ئاپتورنىڭ ئىدىئال ئارزۇسىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئەمما ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدىكى ئۈمىد ئارقىلىق خەستىلەنگەن كۆڭلۈمگە تەسەللىي تاپماقچى بولدۇم. مۇمكىنمۇ؟... ئاپتور تەڭقىسلىق ئىچىدە باشلىغان ئەسەرنى مۇشۇنداق ئارزۇدا ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆزىگە تەسەللىي تاپماقچىمۇ؟ ئۇ ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىشنىڭ، مۇقەددەس مەزانلارنى تەرك ئېتىشنىڭ ئىنسانغا ياخشى كۈن ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىغا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىشارە قىلماقچى ۋە ھەقىقىي بېجىرىم جەمئىيەتنىڭ ئۇتوپىيەسىنى ئەسلىمىدىن تارتىپ چىقارماقچىمۇ؟ ئۇ ياتلىشىشقا، يىلتىزىدىن ئۈزۈلگەن زامانىۋىلىشىشقا، ئۆز ئەسلىدىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ بىر گەۋدىلىشىشكە ئاشۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىدىي ئىنكاس قايتۇرماقچىمۇ؟

بۇلارنى ئويلىغۇم يوق ئىدى. ئاپتورمۇ بەلكىم كە-

شىنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىدىغان رېئاللىقتىن، تارىخنىڭ يۈ-
رەكىنى غاجايدىغان قورقۇنچلۇق ئەرۋاھىدىن قېچىپ ئاشۇ
ئۇتوپىيەگە كىرىۋالغاندۇ. ئەمما نېمىلا بولسۇن، ئۇ رېئال-
لىققا تەن بەرمەيدىغان، ئاخىرقى نەپەسكىچە چۇۋۇلغان،
بۆسۈلگەن تورىنى ياماشتىن توختىمايدىغان ئۆلمەس بىر
روھنىڭ ئىنكاسىدۇر. مۇشۇنداق روھلا بولىدىكەن، ئۇ
ئۇتوپىيەنى قايتىدىن تىرىلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالىسۇن؟

※ ※ ※ ※ ※

«كەچمىش»تىن چىقتىم، ئەمما ھېچيەرگە چىققاندەك
ئەمەس. كاللامدا كۈرمىڭ گەپ، ئېيتىپ بولغۇسىز بىر
ھېس - تۇيغۇ. يېزىپ بولۇپ قارىسام، ھېچنېمە يازمىغان-
دەك تۇيۇلدى. دەيدىغان گەپلىرىم شۇنچە جىق ئىدى.
شۇنچىۋالا پالاكەت بىر نېمىلەرنى يېزىپتىمەنۇ، يەنە ئەسەر
ھەققىدە تۈزۈك بىر نەرسە دەپ بېرەلمەپتىمەن. توغراق-
لىقلارنىڭ ھاياتقا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى قانداق؟ بۇنىڭ
ئىجتىمائىي ئاساسى قانداق؟ ئەسەردىكى ھەربىر ئۇششاق
تەپسىلات، دىتال مۇھىم ئېيتىم سىستېمىسى تەشكىل قىلغا-
نىدى ھەم ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشى-
دە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇلارنى دەپ بېرەل-
دىممۇ؟ ياق! ھەربىر يات كۈچ كىرىپ كەلگەندە
ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدە كۆرۈلگەن داۋالغۇشلارنىڭ كەينى-
دىكى مەنتىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىدىممۇ؟ ياق! ھەربىر
قېتىم بوران چىققاندا پەيدا بولىدىغان سىرلىق ھادىسىنىڭ
كەينىدە قانداق ئىدىيەۋى مەيدان بار، بۇنى ئېچىپ بېرە-
لىدىممۇ؟ ياق! توغراقلىقتىكى بوشلۇقنىڭ تەقسىملىنىشى،
نىكاھ قارىشىدىكى ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىش، جىنس
چۈشەنچىسىدىكى بۇرۇلۇش، ئائىلە يوسۇنىدىكى ئۆزگە-
رىش بىلەن ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى نازۇك باغلىنىشلار-
نىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنى شەرھلىيەلىدىممۇ؟
ياق! ئاپتورنىڭ زامانىۋىلىققا تۇتقان تەنقىدىي پوزىتسىيە-
سىنىڭ ئاساسىنى ئاچالىدىممۇ؟ ياق! ئاپتورنىڭ بايان
سەنئىتىدىكى ئاددىيلىق، ھەتتا ئاجىزلىق ئارقىلىق ئىپادى-
لىگەن تارىخىي پوزىتسىيەنىڭ قېتىغا شۇڭغۇيالىدىممۇ؟
ياق! ئاپتورنىڭ تارىخنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدىكى
تاللاش ئۆلچىمىنى تاپالىدىممۇ؟ ياق! رومانىنىڭ بەدىئىي
جەھەتتىكى ئۇتۇقچۇ؟ بۇ جەمئىيەتشۇناسلىق ياكى تارىخ
تەتقىقاتىنىڭ نەزەرىيە، ئۇسۇللىرىنى تەدبىقلايدىغان رېئال
ئىجتىمائىي مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال بىر پارچە
ئەدەبىي ئەسەر ئىدىغۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى
نەدە، دەپ بېرەلىدىممۇ؟ ياق!!!

مەن قانچە ئەزۋەيلەپ شەرھلىگەنسېرى، بۇ غايىب
ماكاندىن شۇنچە يىراقلاپ كەتكەن ئىدىم؛ يازغۇچىنىڭ بە-
دىئىي دۇنياسىنى قازىمەن دېگەنسېرى، ئۇ مەن قۇرۇۋات-
قان چەمبىرەكنىڭ سىرتىغا شۇنچە چىقىپ كەتكەن ئىدى.
تەنتەك ھەۋەسكاردىكى ئاجىزلىق، پىشقان يازغۇچىدىكى
تالانت دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

مەن روزىغا دىياگنوز قويۇشقا ئاجىز ئىدىم. دىلمۇ-
راتنىڭ تاللىشىغا ھۆرت - پۆرت دېيىشكە ھەققىم يوق
ئىدى. رىشاد ھاجىغىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتىم. ئۆز
كۆڭۈل خاھىشىغىمۇ ئەگىشىشكە جۈرئەت قىلالمىغان گۈل-
نازنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىشنىمۇ، ھېسداشلىق قىلىشنىمۇ
بىلمەيتتىم. ئاپتورمۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا تەنقىدىي
نەزەر تۇتمىغاندەك، ھېچقايسىسىغا مۇتلەق ياخشى - يامان
تامغىسىنى بېسىۋەتمەستىن، ھەممىسىنى تارىخنىڭ ئېقىنىغا
قويۇۋەتكەندەك مەنمۇ ھېچكىمگە بىر نەرسە دېيەلمەيت-
تىم. ئارېنت: تاللىماسلىقنىڭ ئۆزىلا بىر خىل سىياسىي
تاللاش، دېگەن ئىدىغۇ. ئەمىسە مەن مۇشۇ ھېچنەرسە دې-
يەلمەسلىكىمدە نېمە دېمەكچى؟ بىلمەيمەن، زادى بىلمەي-
مەن! «كەچمىش»نى «يۈز يىل غېرىبلىق»قا ئوخشىتاي-
مۇ؟ توغراقلىق بىلەن توختاخۇن جەمەتنى ماكاندوغا،
بوئىندىيە جەمەتىگە تەققاسلايمۇ؟ بىلمەيمەن! بۇنداق سې-
لىشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى، ئەھمىيىتى بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن!
بىلىدىغىنىم: ھەممە يەرنىڭ ئۆزىگە خاس ھېكايىسى، ئۆزى-
گە چۈشلۇق شەجەرىسى مەۋجۇتتۇر.

«كەچمىش» رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. تا-
رىخنى پارچىلاپ ئوينىغان يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىن چىققاندا
بۇ ئەسەر بىردىنلا تارىخنىڭ ئەرۋاھىغا ئايلىنىپ قايتىپ
كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن شۇنچە ئۆزۈمنى قاچۇرغانسې-
رى ئۇنىڭ چاڭگىلىغا شۇنچە چۈشۈپ قالغانىدىم. قارىغان-
دا ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرمەي بولمايدىغاندەك قىلى-
دۇ. ئاپتور ھەربىر جۈملىنى مەقسەتسىز يازمىغانىدى.
ھەربىر تەپسىلات، پارچە، تەسۋىر، ۋەقەگە تارىخنىڭ شو-
لىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ھەربىر تەپسىلاتنىڭ كەينىگە
نۇرغۇن تارىخى، ئىجتىمائىي، مەنىۋى كەچمىشنى جۈغلاپ

قويغانىدى. ئەمدى بۇ كەچمىشلەرنىڭ بەدىئىي، تارىخىي، ئىستېتىك قاتلىمىنى تېپىشتا فۇكوۋنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك ئۇسۇلى لازىم بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

[1] ئازات سۇلتان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۈلتۇز ياز- غۇچى خالىدە ئىسرائىل»، «تارىم»، 1993 - يىلى 8 - سان.

[2] مۇھەممەت پولات: ««تىمتاس شەھەر» گە قىسقىچە باھا»، « تارىم»، 2003 - يىلى 2 - سان.

[3] روسسو: «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسلى- رى»، بېيجىڭ نەشرىيات گۇرۇھى شىركىتى، بېيجىڭ نەشرىياتى، 2010 - يىلى نەشرى، 38 - بەت.

[4] ئابدۇقادىر جالالىددىن: « تارىخ تۇيغۇسىنىڭ بەدىئىي سۇرئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1997 - يىلى 1 - سان.

[5] جوزلوپېز، جون سكوت: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى، 2 -، 4 - بەتلەر.

[6] روبېرت مېرتوننىڭ « جەمئىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىما- ئىي قۇرۇلما» ناملىق كىتابىنىڭ 162 - بېتىدىن «ئىجتىمائىي قۇرۇل- ما» ناملىق كىتابىنىڭ 37 - بېتىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

[7] پائۇل رىكور: «ئېتراپ جەريانى»، جۇڭگو خەلق ئۇنى- ۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، كىرىش سۆز 2 - بەت.

[8] ئېلبىين بولدۇين قاتارلىقلار: «مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا كىرىش»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2004 - يىلى نەشرى، 109 - بەت.

[9] تاۋ دوڭفېڭ، خې لېي: « مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، گۇاڭشى پې- داگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى 82 - بەت.

[10] جون ستورى: «مەدەنىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئاممىباپ مە- دەنىيەتكە كىرىش»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى، 15 - بەت.

[11] رايموند ۋىلىيامىس: «ماركسىزم ۋە ئەدەبىيات» خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى، 12 - بەت.

[12] رايموند ۋىلىيامىس: «مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت»، جىلىن نەشرىيات گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، 2011 - يىلى نەشرى، 296 - بەت.

[13] رايموند ۋىلىيامىس: «ماركسىزم ۋە ئەدەبىيات» 142 - بەت.

[14] رىبىگنىۋ بىرژېنىسكى: « بۈيۈك شاھمات تاختىسى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى، 15 - بەت.

[15] خەننا ئارېنت: « ئىنقىلاب ھەققىدە»، سومرۇغ نەشر - مەدىيە گۇرۇھى، يىلىن نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 14 - بەت.

[16] چارلېس تىللىنىڭ «ياۋروپادا مىللىي دۆلەتنىڭ شەكىللىنى- شى» ناملىق كىتابىدىن پراسېنجىت دۇئارانىڭ «مەدەنىيەت، ھوقۇق ۋە دۆلەت» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - بېتىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 2010 - يىلى 2 - نەشرى.

[17] چارلېس تىللى: «ئىشەنچ ۋە ھۆكۈمرانلىق»، شاڭخەي ئەسىر نەشر گۇرۇھى، 2010 - يىلى نەشرى، 42 - بەت.

[18] ئېلبىين بولدۇين قاتارلىقلار: «مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا كىرىش»، 111 - بەت.

[19] خۇاڭ زۇڭجى: «جۇڭگو ئىنقىلابىدا يېزىلاردىكى سىياسىي كۆرەش»، خۇاڭ زۇڭجى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان «جۇڭگو يېزا تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ 2 - توپلىمى، سودا باسمىخانىسى، 2003 - يىلى نەشرى، 67 - بەت.

[20] پراسېنجىت دۇئارا: «مەدەنىيەت، ھوقۇق ۋە دۆلەت»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 2010 - يىلى 2 - نەشرى، 13 - بەت.

[21] پراسېنجىت دۇئارا: «مەدەنىيەت، ھوقۇق ۋە دۆلەت»، 4 - بەت.

[22] گوييۇخۇا، سۇن لىپىڭ: «شىكايەت: دېھقانلارنىڭ دۆلەت چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى»، «جۇڭگو جەمئىيەتشۇ- ناسلىقى» مەجمۇئەسىنىڭ 5 - تومى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، ئەسىر نەشر گۇرۇھى، 2006 - يىلى نەشرى، 184 -، 185 - بەتلەر.

[23] يۇقىرىقى مەنبە، 171 - بەت.

[24] پائۇل فرېر: «ئېزىلگۈچىلەرگە تەلىم». شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى.

[25] «جۇڭگو جەمئىيەتشۇناسلىقى»، 5 - توم، 171 - بەت.

[26] خۇاڭ زۇڭجى: «تەجرىبە ۋە نەزەرىيە»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى، 115 - بەت.

[27] جوز لوپېز، جون سكوت: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، 50 - بەت.

[28] خەننا ئارېنت: «ئىنقىلاب ھەققىدە»، 32 - بەت.


[29] «جۇڭگو جەمئىيەتشۇناسلىقى». 5 - توم، 186 - بەت.

[30] جوز لوپېز، جون سكوت: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، 45 - بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 ـ 2850601



# «مۇشۇ كۆڭلەردىكى مەن» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى

تۇردى قېيۇم شەھىن

مەن ئەدەبىي ئوبزورچى ياكى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسىمۇ ئەمەس، پەقەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يىراق سەھراسىدىكى 25 يىللىق ئوقۇرمىنى، مەن بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغاندىن بېرى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، زوردۇن سابىر، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، مەمتىمىن هوشۇر، مۇھەممەد باغراش، نۇرمۇھەممەت توختى، توختى ئايۇپ، ئەختەم ئۆمەر، ياسىنجان سادىق چوغلان، خالىدە ئىسرائىل، يالقۇن روزى، مامەت تۇردى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، توختى باقى ئارتىشى، ئەسئەت سۇلايمان، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى، زۇلپىقار بارات ئۆز باش قاتارلىق ئالىم، يازغۇچى ـ شائىر، تەرجىمان، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى، تەرجىمە، تەتقىقات ماقالىلىرىدىن زوقلىنىپ، بىلىم ئېلىپ كەلدىم ۋە بەزىدە خاتىرە يېزىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەريانىدا پايدىلانغاندىم.

مانا هازىر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2011 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، هاياجان ئىلكىدە تۇرۇۋاتقىنىمدا غەيرەت ئاسىمنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدىكى «مۇشۇ كۆڭلەردىكى مەن» هېكايىسىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن هېكايىنى ئوقۇپ ھەقىقەتەن تەسىرلەندىم، هېكايە مېنىڭ روھى دۇنيايىمنى زىلزىلىگە سالدى، ئويغا چۆمدۈم. هېكايىدىكى «مەن» دائىم خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، ماڭا ئارام بەرمىدى.

هازىرقى رېئاللىقىمىزدا ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى روھىي كېسەللىكلەر توغرىسىدا ئويلىنىدىغانلار، پىكىر يۈرگۈزىدىغانلار، توغرا دىياگنوز قويۇپ ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن ئىزدىنىدىغانلار، ئىرادە تىكلەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەمما باشقىلار توغرىسىدا ئويلىنىدىغانلار، باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدەپ، ئەيىپ نۇقسانلىرىنى تېپىپ داۋراڭ قىلىدىغانلار سامانىدەك. مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئەگەر بىز «مۇشۇ كۆڭلەردىكى مەن» هېكايىسىدىكى «مەن» گە ئوخشاش، ئۆزىمىزدە ساقلانغان غەيرى روھى چىرىندىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئۇنى تۈزىتىپ، ئۆزگەرتىپ، قاسراق تاشلايدىغان بولساق جەمئىيەتتە باشقىچە ۋەزىيەت شەكىللەنگەن بولاتتى.

«مۇشۇ كۆڭلەردىكى مەن»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەل «مەن» نىڭ ئۆزى ھەققىدە كۆپ قېتىم، قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، مەنىۋى دۇنياسىدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ تۈپ يىلتىزىنى تاپقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. فېيرباخ «سەنئەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئوبيېكتى ئادەم» دېسە، بالزاك «ئەدەبىيات ـ ئىنسان قەلبىنىڭ تارىخى» دەيدۇ. يازغۇچى غەيرەت ئاسىم بۇ ئىزلەنمە هېكايىسىدا «مەن» قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى پىسخىك چىگىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان، «مەن» يازغۇچىنىڭ بىۋاستە سېزىش ياكى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسى، پىكىر هېسسىياتى، ئېڭى، تەسراتى خىيال تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىپ هەرىكەت قىلىدۇ. «سەت قارىغۇلۇق» نىڭ ۋۇجۇدىدىكى قارىغۇلۇق بولۇپ، «مۇشۇ دەقىقىدە مەن ئۈچۈن هېچقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى يوق ئىدى» ئۇنىڭ تېنىنى بىر شەھەرنىڭ تېغى بېسىۋالغاندەك مىدىرلىيالمايدۇ. ئاخىر رادىيودىن چىققان يېڭى ئۇچۇر ئۇنى جانلاندۇرۇپ روھلاندۇرىدۇ. شۇندىلا «مەن» ئۆزىنى ئەسلەشكە باشلايدۇ. « 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى» نى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. «مەن» شۇ تەرىقىدە كوچا ئايلىنىپ، دوختۇرخانا ئالدىدىكى چوڭ بىر گۈل دۇكىنىغا كىرىدۇ. گۈلچى قىزنى كۆرۈپ، شەھۋەت مەنىۋىيىتى غىدىقلىنىپ، گۈلچى قىزنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە چاقچاقان هەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى قىزلارنى كەلتۈرىدۇ. گۈلچى قىزنى ئۆزى ئارىلاشقان بۇرۇنقى قىزلارغا ئوخشىتىدۇ. گۈل

ئالغۇچە قەستەن ئۇنىڭ چىرايلىق قولىنى تۇتۇۋالىدۇ. گۈلچى قىز «مەن» نىڭ غالجىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، چىرايىدىكى كۈلكىلەرنى يوقىتىدۇ. «مەن» يەنە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئۆزىگە ـ ئۆزى ئېچىنىپ « قانداق قىلسام ئادەم بولارمەن؟ تۇرمۇشۇم مۇشۇنداق كېتىۋېرەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قىممەت قارىشىمدىن بايامقىدەك رەڭگارەڭ گۈللەر پەيدا بولمايدۇ؟ مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش نان يەيمەن. لېكىن نېمە ئۈچۈن ئاشۇلاردەك بالدۇرلا، ھېچ بولمىغاندا بىر كۈن ئاۋۋال ئايالالار بايرىمىنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيمەن؟ مەن دۆت ئىكەنمەن؟... ئەمىسە، بۇنىڭ يىلتىزى نەدە؟ ...» دېگەندەك سوئاللارنى قويىدۇ، سوئاللارنى قويىدىيۇ ـ يەنە «كۆنگەن خۇي ئۆچمە پىشقىچە» دېگەندەك «شەيتاندەك كۆرۈمسىز قاراڭغۇلۇقنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن» يانفونى قولىغا چىقىدۇ. بۇرۇن ئارىلاشقان، ئۈچ قىزغا ئايرىم ـ ئايرىم تېلېفون قىلىپ، ئوخشىمىغان جاۋابقا ئېرىشىپ، دەككىسىنى يەيدۇ، «مەن» يەنە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ «مەن باغنىڭ ئىچىدىمۇ ياكى باغنىڭ سىرتىدىمۇ؟ مەن ئادەمنىڭ قويىنىدىمۇ ياكى شەيتاننىڭمۇ؟ مانا ئەمدى، بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا ئەڭ مۇھىم نەرسە مۇشۇ بولۇپ قالدى.» دېيىش ئارقىلىق خىيال پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە باشلايدۇ. «مەن» نۇرغۇن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىدۇ، «شۇنىڭدىمۇ يورۇق بىر جاھاننىڭ دەرۋازىسىنى ئاچالماي»، «قالايمىقانچىلىقتا» ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ. دوقمۇشقا كەلگەندە ياشانغان بىر ئايالغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئايال «مەن» نىڭ ئانىسىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ، «مەن» بۇ ئانىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالىدۇ ۋە كالىسى لاپىدە يورۇپ كېتىدۇ. «مەن» قولىدىكى گۈلنى ئانىغا تۇتىدۇ. ئانا «رەھمەت بالام» دەپ گۈلنى قوبۇل قىلىدۇ. «مەن» كۈلىدۇ، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىرچىلىق يوقاپ كېتىدۇ. ئانا «بەختلىك بول بالام، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن» دەپ «مەن» ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ يولىغا راۋان بولىدۇ. «مەن تەسىرلىنىپ، يىغلاپ كېتىدۇ، ئۆزىدىكى «چېكىدىن ئاشقان نادانلىقنىڭ»، «يامانلىقنىڭ، ئەسكىلىكىنىڭ، غەيرىلىكىنىڭ» تۈپ يىلتىزىغا يېتىدۇ ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقان ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ چەكسىز جاڭگالغا ئايلىنىپ، قاغجىراپ، مەڭگۈ روناق تاپمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ.

دۇنيا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى: «دوستويېۋىسكىنىڭ زور بىر تۆھپىسى ئەدەبىياتنىڭ كۆزىتىش چېرىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇ، پەرق ئېتىش تەس بولغان قەلب دۇنياسىغىچە سوزۇپ يورۇتقانلىقىدا» دەپ تەرىپلىگىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ چىن ماھىيىتىنى، خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەن ئەسەرلەر ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەر بولالايدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىن «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەقسىدى نوقۇل ھالدا رېئاللىقنىڭ ئەجايىپ تەرەپلىرىنى مەدھىيەلەش، تەسۋىرلەشلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ، ئادەمنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە، خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە توسالغۇ بولىدىغان پاسسىپ، يۈزەكى، ماھىيەتسىز ئامىللارنى تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆرسىتىپ، تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولۇش كېرەك» دەيدۇ. «مۇشۇ كۈنلەردىكى مەن» دە ئەنە شۇنداق ئىنسان قەلبى، خاراكتېرى، پسىخىك ئۆزگىرىشلەر «مەن» ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھېكايىدىكى «مەن»نىڭ روھىي دۇنياسى مېنىڭ روھىي دۇنيايىمغا سىڭىپ كەتتى. «مەن» نېمىنى ئويلىسا مەنمۇ شۇنى ئويلىدىم. « مەن» ئۆزىگە قانداق سوئال قويسا مەنمۇ شۇنداق سوئال قويدۇم. «مەن» دىكى روھىي كېسەللىك مېنىڭدىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «مەن» بىلەن پەرقىم قالمىغاندەك قىلاتتى. ئىنسان ئىنتايىن مۇرەككەپ، بولۇپمۇ ئىنسان خاراكتېرىدىكى كېسەلنى تېپىش، ئۇنىڭغا دىياگنوز قويۇپ داۋالاش تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىنسان خاراكتېرى تەبىئىتىدىكى « كېسەل» ئاسان ساقايمايدۇ. «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەندەك بەزىلەرنىڭ روھىدىكى كېسەللىك ئۆلۈم بىلەن ساقىيىشى مۇمكىن.. يەنە بەزىلەرنىڭ روھىدىكى كېسەللىك كۆپ ئويلىنىش، ئۆزىنى «قۇچقاچ ئوپېراتسىيەسى» قىلىپ، روھىدىكى قاقشاقلىقنى يىلتىزىدىن چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئەجايىپ تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىش ئارقىلىق ئۆزگىرىشى مۇمكىن. «مەن» ئۆزى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىدۇ، كۆپ سوئال قويىدۇ، «مەن»نىڭ سوئال مەركىزىدە يەنىلا «مەن» نىڭ ۋۇجۇدى تۇرىدۇ. ئۆزلۈكىنى تونۇشقا يۈزلىنىپ ئاخىرى ئۆزىنى تاپىدۇ. ھېكايىدىكى «مەن» بىلەن تەڭ مەنمۇ ئۆزۈمنى تاپتىم. روھىمدىكى پاسكىنىچىلىق ئېرىپ غايىپ بولدى. ھېكايىنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئوقۇرمەننىڭ بىر جەھەتتىن، « مەن» نىڭ ئۆزىنى تاپقانلىقىدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلسە، يەنە بىر جەھەتتىن تەسەۋۋۇرى قاناتلىنىدۇ. ئانىنىڭ گۈزەللىككە تولغان قەلبى ۋە جىسمى كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدۇ. ھېكايىدا ئانىنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرلىرى، بالىلىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدىكى جاپالىق كۆرۈنۈشلىرى، ئىزدىنىشلىرى... توغرىسىدا تەپسىلىي بايان، تەسۋىرلەر بولمىسىمۇ ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا ئەڭ يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە ئانا ئوبرازى جۇلالىنىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ ئۆز ئانىسى كۆز ئالدىغا زاھىر بولۇپ، قەلبى تاڭ سەھەردىكى قۇياشتەك پارلايدۇ.

ئومۇمەن، يازغۇچى غەيرەت ئاسىمنىڭ ھەجمى قىسقا، ئەپچىل، ئۆزگىچە قۇرۇلمىغا ئىگە بۇ ھېكايىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئىزلەنمە ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ.

---

ئاپتور: قەشقەر پەيزاۋات ناھىيە جانبازا ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى

# «ئوغۇللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى!»

ياسىنجان نىزامىدىن



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىزلارنىڭ ئەركەكزەدەكلىشىش، ئوغۇللارنىڭ غىتمەكلىشىش مەسلىسى جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇللارنىڭ غىتمەكلىشىپ كېتىش ھادىسىسى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

باللار مائارىپى مۇتەخەسسىسى سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختالغاندا تېخىمۇ تەشۋىشلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

— ئوغۇللارنىڭ «پۈتۈنلەي تۈگىشىشى» ھەتتا «غىتمەكلىشىش»كە قاراپ يۈزلىنىشى، ئومۇميلىق ۋە بىر پۈتۈنلۈك مەسلىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنداق بولسا، ئوغۇللارنىڭ بارغانسېرى غىتمەكلىشىپ كېتىشىگە زادى نېمە سەۋەب بولدى؟ نېمە سەۋەبتىن ئوغۇللارنىڭ تەلەپپۇزى مەبۇدىلىشىپ، بەدىنى نازۇكلىشىپ، تېنى ئاجىزلاپ، بويى پاكارلاپ، خاراكتېرى نازاكەتلىشىپ ۋە مۇلايىملىشىپ، ھەرىكىتى نايناقلىشىپ، پىسخىكىسى زەئىپلىشىپ كەتتى؟ نېمە سەۋەبتىن ئوغۇل باللاردا بۇنداق «مەنپىلىكى ئېشىپ، مۇسبىلىكى ئاجىزلاپ كېتىش» تەك ئەھۋال پەيدا بولدى؟ ئوغۇللارنىڭ غىتمەكلىشىپ كېتىش مەسلىسى زادى نەدىن پەيدا بولدى؟ جاۋابكار كىم؟ ئوغۇللار زادى قۇتقۇزۇۋېلىندىمۇ-يوق؟ ئوغۇللارنى ھەقىقىي تۈردە غەيرەتلىك ھەم قەيسەر، يۈرەكلىك ھەم بىلىملىك، مەردانە ھەم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئەركەكلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئامال بارمۇ-يوق؟...

باللار مائارىپى مۇتەخەسسىسى، ئاتاقلىق پېداگوك، جۇڭگو ياش-ئۆسمۈرلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەتقىقاتچى، جۇڭگو ياش-ئۆسمۈرلەر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «ئۆسمۈرلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى سۇن يۈنشياۋ، پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىسخولوگىيە لېكتورى، دوكتور لى ۋېنداۋ ۋە جۇڭگو ياش-ئۆسمۈرلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى، دوكتور جاۋ شيا قاتارلىق مائارىپشۇناسلار تەرىپىدىن يېزىلىپ، 2010-يىلى 1-ئايدا يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئوغۇللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» ناملىق كىتاب، بەلكىم كۆپچىلىكنىڭ بۇنداق ھەر بىر شۈبھىلىك تۈسىنى ئالغان سوئاللىرىغا قارىتا جاۋاپ تېپىشقا ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن.

مائارىپشۇناس سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مائارىپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا، نۇرغۇنلىغان ئىجابىي ۋە ئىلمىي بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرد-

ئۆيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

نى قولغا كەلتۈرۈپ، بالىلار مائارىپى تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە يارىتىپ، دۆلەت ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان بولۇپ، 1999 ـ يىلى گوۋۇيۇەن تەرىپىدىن «ئالاھىدە تۆھپىكار مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن، 2000 ـ يىلى «گوۋۇيۇەن ئاياللار ۋە بالىلار خىزمىتى كومىتېتى» تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر بالىلار خىزمىتى ئۈلگىسى» دەپ نام بېرىلگەن، 2008 ـ يىلى «جۇڭگو مائارىپىدىكى داڭلىق ئەرباب» بولۇپ سايلانغان.

سۈن يۈنشياۋ ئەپەندىنىڭ «ئوغۇللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» ناملىق كىتاۋىدا، باشتىن ـ ئاخىر «مائارىپنىڭ ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي پەرقىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئاتىنىڭ ئوغۇل بالا تەربىيەسىدىكى رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى، قايسى خىل ئۇسۇلنىڭ ئوغۇل بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى قوغداش ياكى نابۇت قىلىش ئىكەنلىكى، ئوغۇل بالىنىڭ قانداق قىلىپ بېسىمنى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ھەقىقىي بىر ئەركەك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ تەخىرسىزلىكى» تەكىتلەنگەن، ئوغۇل بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ بالاغەتكە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى فىزىيولوگىيەلىك، پسىخولوگىيەلىك ۋە بىئولوگىيەلىك جەھەتتىكى قىزلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى ئىلمىيلىق بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن، ئوغۇل بالىنى ھەقىقىي بىر ئەركەك قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان كىرىزىس خاراكتېرلىك نىگىزلىك زىددىيەتلەرنىڭ يالغۇز ئوغۇل بالىغا بولغان ئائىلە تەربىيەسى كىرىزىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ كىرىزىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق ئوغۇل بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئائىلە تەربىيەسى، مەكتەپ تەربىيەسى ۋە جەمئىيەت تەربىيەسىدىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەم جاپالىق تەربىيەلەش جەريانى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي پەرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن ئوغۇل بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان بىلىم ئېلىش كىرىزىسى، بەدەن كىرىزىسى، پسىخىكا كىرىزىسى ۋە ئىجتىمائىي كىرىزىستىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك «سىرلىق سوزۇلما خاراكتېرلىك كىرىزىس» قا نىسبەتەن، نۆۋەتتە «ئوغۇل بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش» مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ئىنتايىن يېتەرلىك سەۋەب ۋە جىددىي تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ئوتتۇر-غا قويۇلغان، «ئوغۇل بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش» ۋە ھەقىقىي ئەركەك قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئۇسۇل ۋە تەدبىرلىرى بايان قىلىنغان. ئۇ ياش قۇرامى 0 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ئوغۇل بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆرۈپ نەپ ئېلىشىغا سۇنۇلغان كىتابتۇر.

مەن مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلارغا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا، نۆۋەتتە ئوغۇل بالىلارنى تەربىيەلەش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**بىرىنچى، ئوغۇل بالىنى مەكتەپكە بالدۇر بېرىش — ئاپەت خاراكتېرلىك تاللاشتۇر**

مەتبۇئات خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھازىر جەمئىيەتتە قورساقنى يېرىپ بالىنى ئېلىش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، «يېشى ئالتە ياشقا توشقاندا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىشكە بولىدۇ» دېگەن ياش چەكلىمىسى سەۋەبىدىن، 9 ـ ئايدا تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ ھامىلدار ئاياللار بالىلىرىنىڭ مەكتەپ يېشىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ناھايىتى جىددىيلىشىپ، 8 ـ ئايدىلا بەس ـ بەستە قورساقنى يېرىپ بالىنى ئېلىش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش ئەھۋاللىرى پەيدا بولغان.

بالىنى ئېلىش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بولۇپ، بىرىمىزدىن كۆپرەك ھامىلدار ئاياللار بالىسىنىڭ بالدۇرراق مەكتەپكە كىرىشىنى مەقسەت قىلىپ 9 ـ ئايدىن ئىلگىرى بالىنى تۇغۇشقا ئالدىرىغان بولسا، قالغانلىرى تەرتىپ بويىچە تۇغۇشتىكى ئاغرىق ئازابىدىن قورققان.

تېببىي ئىلىم نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەبىئىي تۇغۇلغان بالىلار تۇغۇت يولىنىڭ قىستىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ ساغلام ھەم ئەقىللىق بولۇپ تۇغۇلىدۇ.

مەتبۇئاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى پسىخىكا تەتقىقات يۇرتىنىڭ پروفېسسورى شى جيەنونىڭ ئەپەندى ئادەتتىن تاشقىرى بالىلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى بالىلارنىڭ ئوخشاش ياشتىكىلەرنىڭ پەقەت بىر پىرسەنتتىن ئىككى پىرسەنتىچە ئېگىلەيدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ ئۆتكەن. ئەمما، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بالا بولۇپ چىقىشىغا ئىشىنىدىكەن، بالىسى

ۋاقىتنىچە دەرھال بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتمىسىمۇ، تىرد-
شىش ئارقىلىق ئادەتتىن تاشقىرى بالدەك قىلىپ يېتىشتۈ-
رۈپ چىققىلى بولىدۇ دەپ قارايدىكەن.

بەزى ئاتا-ئانىلار كۆپ ھاللاردا پەرزەنتىنىڭ بالدۇر-
راق مەكتەپكە كىرىپ، پۈرسەتنى ئالدىن ئىگەللىۋېلىشىنى
غەنىيمەت بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆز پەرزەن-
تىنىڭ ھەممىنى بىسىپ چۈشۈپ، تەڭ ياشلىقلاردىن ئېشىپ
كېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ، بالىنىڭ ئۆز تەبىئىيلىكى بويىچە تە-
رەققىي قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى كەمىدىن-كەم ئويلىشىدۇ.

سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق
دەيدۇ: «مەن كۆپچىلىككە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمەنكى،
ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بالىنى مەكتەپكە بالدۇر بېرىشنى
ئويلاپ، بارلىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق پەرزەنتنى ئادەت-
تىن تاشقىرى بالا قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قى-
لىشنىڭ ئۆزى، ئوغۇل بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاپەت خا-
راكتېرلىك ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئوغۇل بالىنى
نابۇت قىلىش تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن باشقا
نەرسە ئەمەس».

فىزىيولوگىيە جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئا-
ساسلانغاندا، مەكتەپكە كىرگەن شۇ كۈندىن باشلاپ،
ئوغۇل بالىنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى
قىز بالىغا سېلىشتۇرغاندا ئىككى يىل ئاستا بولىدۇ. ھالبۇكى،
ئاتا-ئانىلار كۆپ ھاللاردا ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالىنى
ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە، ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئوخشاش
بىلىمنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن، ئوغۇل بالىنىڭ
پۇت-قوللىرى ۋە نېرۋا سىستېمىسى قىز بالىنىڭ يېتىلىشى-
دىن ئاستا بولغاچقا، ئوغۇل بالىنىڭ قەلەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ
چىرايلىق خەتلەرنى يېزىشىمۇ ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. يې-
تىلىش جەھەتتىكى بۇنداق ئوخشىماسلىق كۆپ ھاللاردا
ئوغۇل بالىنى ھاماقەت ياكى دۆت قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ،
شۇڭا، بۇ خىل ئەھۋال ئوغۇل بالىلارنى باشلانغۇچ مەكتەپ-
نىڭ 1-يىللىقىدىن باشلاپلا مەكتەپكە ئۆچ قىلىپ قويىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، تەڭ ياشلىق ئوغۇل بالا بىلەن قىز
بالا ئىككىسى بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى
ئاڭلىغان چاغدا، كىم دەرسنى ياخشى ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ؟
كىم توغرا ھەم تېز ئىنكاس قايتۇرالايدۇ؟ ئوغۇل بالا نېمە
ئۈچۈن ۋاقىتنىچە ئارقىدا قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قىزلاردىن
ئاجىز كېلىدۇ؟

پەرزەنتىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى
مەقسەت قىلىپ ئىنتايىن چوڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرى بىلەن
جان-جىگىرىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەندىن كېيىن، ئاتا-
ئانىلار ھەمىشە ئوغلۇم نېمىشقا ھېچنېمىدە باشقىلارغا يەت-
مەيدىغاندۇ؟ ئوغلۇم نېمىشقا چاتاق بالا بولۇپ قالغاندۇ؟
دېگەندەك ئىشىنىش ئىنتايىن قىيىن بولغان نەتىجىگە ئىگە
بولىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپتە شەكسىز ھالدا قىزلار ھۆكۈمران
بولۇپ، ئۇلار ئەقىللىق ھەم چىچەن، ئىشنى زېرەكلىك
بىلەن قىلىدۇ، نەتىجىسى ئەلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئامراقلى-
قى كېلىدۇ، شۇڭا، سىنىپ ۋە ئەترەت كادىرلىرىنىڭ ھەممى-
سى دېگۈدەك بىر خىل «قىزلار قوشۇنى» دىن تەركىپ تا-
پىدۇ. ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى جەھەتتىمۇ قىزلار
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن قىز
ئوقۇغۇچىلار توقۇنۇشۇپ قالغاندا، يېتىلىش جەھەتتە
ئۈستۈن تۇرىدىغان قىز بالا مۇتلەق ھالدا ئوغۇل بالىنى
«بوزەك قىلىدۇ»، يەنە كېلىپ نۇرغۇن ھىيلە-تەدبىرلەرنى
ئويلاپ چىقىش جەھەتتىمۇ ئوغۇل بالىلار قىز بالىلارغا يەت-
مەيدۇ.

ئوغۇللارنىڭ يېتىلىشىنىڭ قىزلاردىن ئاستا بولۇشى-
دەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بەزى دۆلەتلەردە ئوغۇللار
نى بىر يىل كېچىكتۈرۈپ مەكتەپكە بېرىش تۈزۈمى يولغا
قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان،
بۇ خىل يۈزلىنىشنى ئوغۇللارغا قىلىنغان ئەڭ ياخشى
سوۋغات دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئوغۇل بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى پاسسىپ-
لىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى نەزەردە تۇتقاندا، ئوغۇل بالىنى
مەكتەپكە بىر يىل كېچىكتۈرۈپ بېرىش، ئوغۇل بالىنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلىشىگە نىسبەتەن تېخىمۇ پايدىلىق.

«بالدۇر» نىڭ ياخشى بولۇشى ناتايىن، ئوغۇل بالىنى
تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئەگەر ئائىلە تەربىيەسى،
مەكتەپ تەربىيەسى ۋە جەمئىيەت تەربىيەسىدىن ئىبارەت
ئۈچ خىل تەربىيەنىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان
ئاساس مائارىپنى كىشىلىك ھاياتتىكى بىر مەيدان ئېلىشىش
دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا مائارىپ قىسقا يۈگۈرۈش
ئەمەس، بەلكى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بولۇپ،

ئەڭ ئاخىرىدا كىم كۈلەلىسە، شۇنىڭ كۈلكىسى ئەڭ لەززەت-
لىك بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار شۇنى ئويلاپ كۆرۈشى
كېرەككى، دەسلەپتە ۋاقىت جەھەتتە ئۇتۇپ چىقىشنى
كۆزلەپ، ئوغۇل بالىنى مەكتەپكە بالدۇر بېرىۋېتىپ ئاخىرى-
دا مەغلۇبىيەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغىچە، ئوغۇل بالىنى
سەل كېچىكتۈرۈپ مەكتەپكە بېرىپ، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇ-
شى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ تولۇق تەييارلىق قىلدۇ-
رۇپ، كەلگۈسىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياراملىق ئادەم
بولۇپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن تۈزۈك.

**ئىككىنچى، ئىمتىھان مائارىپى ئوغۇللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كرىزىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئەشەددىي يوقىتىشتۇر.**

سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئو-
غۇللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كرىزىسى ھەرگىزمۇ يالغۇز فى-
زىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى يېتىلىشنىڭ ئاستىلىقىدىلا ئەمەس.
ئوغۇللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بىلىم ئېلىش كرى-
زىسى، بەدەن كرىزىسى، پسىخىكا كرىزىسى ۋە ئىجتىما-
ئىي كرىزىس قاتارلىق تۆت چوڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك
كرىزىس مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل كرىزىسلارنىڭ پەيدا
بولۇش سەۋەبى مەكتەپ تەربىيەسى، ئائىلە تەربىيەسى ۋە
تارقىلىشچان مەدەنىيەتنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قېلىشىغا
باغلىق. بۇنىڭ ئىچىدە، زىيىنى ئەڭ كۈچلۈك بولىدىغىنى ما-
ئارىپ كرىزىسى بولۇپ، ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھانى
مەركەز قىلىنغان ئىمتىھان مائارىپىغا قاراپ ئېغىپ كېتىش،
دەل ئوغۇللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كرىزىسى ئىچىدىكى
ئەڭ ۋەھشىي قاتىل بولۇپ، بارلىق كرىزىسلارنىڭ ئوغۇللار-
غا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىكەن.

«جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» نىڭ 2005 - يىلى 8 -
ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى سانىدا، سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى ناھا-
يىتى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ھازىر
يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ ئەندىزىسى ئوغۇللارنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلىشىنى چەكلەپ قويىدى»، بىر ئوغۇل بالىنىڭ
تېنىدىكى ھەر بىر نېرۋا ھۈجەيرىسى ئۇنى سەكرەپ، يۈگۈ-
رۈپ ئويناشقا ئالدىرىتىۋاتقان چاغدا، ئەكسىچە ئۇ قوللىرى-
نى ئارقىسىغا قىلىپ، چوقۇم تۈپتۈز ئولتۇرۇپ، سەككىز سا-
ئەتلىك دەرسنى ئاڭلىشى كېرەك. بۇ خىل تۈپتۈز ئولتۇرۇپ
دەرس ئاڭلايدىغان ئەندىزە مەيلى ئوغۇل بالا بولسۇن،
مەيلى قىز بالا بولسۇن ھەممىسىگە ماس كەلمەيدۇ. لېكىن،
يېتىلىش جەريانىدا قىز بالىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈ-
كى بولغاچقا، ئۇلار ھەمىشە ئوغۇل بالىلارغا قارىغاندا تېخى-
مۇ بەكرەك چىداشلىق بېرەلەيدۇ.

فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئوغۇل بالا ئادەت-
تە بىر قەدەر يېتەرلىك بولغان ھەرىكەتكە موھتاج. لېكىن،
باللار باغچىلىرى ۋە مەكتەپلەردە بىخەتەرلىك ۋە جىمجىت-
لىق سەۋەبىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئارىلىقىدا يۈگۈ-
رۈپ - چېپىپ ئوينىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ھەتتا تورنىك-
قا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىش سايمانلىرىمۇ يوق، بار بولغان
تەقدىردىمۇ بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە توشمايدۇ؛ سەيلى - سا-
ياھەت، يىراققا پىيادە مېڭىش، تاققا چىقىشقا ئوخشاش دالا
پائالىيەتلىرى، جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتىمۇ يوق دې-
يەرلىك. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردا «مەكتەپ بىز
بىلەن قارشىلىشىدىغان ئورۇن» دەيدىغان قاراش پەيدا بو-
لىدۇ. ئوغۇل باللارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى، كۆرۈش
سەزگۈسى، بوشلۇق ئىقتىدارى، كۆتۈرەڭگۈ - روھلۇق
ياشاش ئىقتىدارى مەكتەپتىكى مەزگىلدە ياخشى ئېتىراپ قى-
لىنىشقا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپتە ئۆگىنىش
جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلمەي، ئارتۇقچىلىقنى جارى
قىلدۇرالماي، مجەز - خاراكتېر جەھەتتىكى تەرەققىياتى يې-
تەكلەشكە ئېرىشەلمەي، ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئىجابىي قايتما
ئىنكاسقا ئېرىشەلمەي، ئاقىۋەتتە ئېغىر زىيان كېلىپ چىقىدۇ.

ئامېرىكىلىق پېداگوگ دېۋىي بۇ خىل مەسىلىنىڭ خېيىم-
خەتىرىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق
دەيدۇ: «بەدەن ھەرىكىتى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا تۇس-
قۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بەدەن ھەرىكىتىنى روھىي ھەرىكەت
بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇ ئادەم-
نىڭ ئوي - پىكرىنى چاچىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلى-
دىغان يامان ئىش بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئۆز گەۋ-
دىسى بىلەن پسىخىكىسىنى مەكتەپكە بىللە ئېلىپ بارىدۇ.
ئۇنىڭ گەۋدىسى زېھىن - كۈچىنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن ئۆ
زىنى قاچۇرالمايدۇ، بۇ گەۋدە ھەممىنى قىلالايدىغان بولۇ-
شى كېرەك. لېكىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ھەرىكىتى،
ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ھاسىل قىلالايدىغان مەشغۇلاتقا ئىشى-
لىتىلمەستىن، ئەكسىچە ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان
نەرسە دەپ قارىلىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن ۋۇجۇدى

بىلەن دەرس ئۆگىنىشى كېرەك، بەدەن ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارنى ئەكسىچە دەرستىن يىراقلاشتۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شوخلۇق قىلىپ چاتاق چىقىرىشىنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا مەكتەپتە «ئىنتىزام مەسىلىسى» نىڭ ئاساسلىق مەنبەسى، ئوقۇتقۇچىنىڭ قىلىدىغان ئاساسلىق ئىشى چوقۇم دائىم بىر مۇنچە ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ھەرىكىتىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەر ئوقۇغۇچىلارنى زېھنىنى دەرس ئۆگىنىشكە قاراتمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. مەكتەپلەر جىمجىتلىققا تولىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىپ، سۈكۈت قىلىشقا ئىلھام بېرىدۇ. بىر خىل ئۆلۈك ھالەت ۋە ھەرىكەتنى ماختاپ، جانسىز ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل - ئىدراك جەھەتتىكى قىزىقىشىنى قوزغاشنى رىغبەتلەندۇرۇشتىن ئىبارەت پوزىتسىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ تەلەپكە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ناۋادا خىلاپلىق قىلسا ئېغىر لىتپ جازالايدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق مائارىپ تۈزۈلمىسى ئاستىدا، ئوغۇل باللار ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىدۇ. بىزگە شۇ ئايانكى، تىل تالانتى جەھەتتە قىز بالا ئوغۇل بالىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ياش جەھەتتىن ئالغاندا قىز بالىنىڭ تىلغا ئىگە بولۇش ۋە تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋاقتى ئوغۇل بالىغا قارىغاندا تېخىمۇ بالدۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلنى ئاساس قىلغان ئۆگىنىش مەزمۇنىغا نىسبەتەن، قىزلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشى ئوڭاي بولىدۇ، تىلنى ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا نىسبەتەنمۇ، قىزلار ئوڭايلا ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ. ھالبۇكى زېھنى - قۇۋۋىتى تولۇپ - تاشقان ئوغۇل باللار بەدەن ھەرىكىتىگە ۋە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش شەكلىدىكى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ يۈزلىنىپ كېتىدۇ.»

جىنس ئايرىمىسى تەربىيەسى مۇتەخەسسىسى مىكائېل. گۇرىئان مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئوغۇل بالىنىڭ چوڭ مېڭىسى بىلەن قىز بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى كۆپ ھالدا ھەرىكەتكە بېقىندى بولۇش ۋە بوشلۇققا تايىنىشتىن ئىبارەت مېخانىكا (جانسىز) لىققا تۇرتكە بولىدۇ. ئوغۇل بالا تەبىئىي ھالدا ئىسخېما، گىرافىك، سۈرەت، رەسىم ۋە ھەرىكەتچان جىسىملارنىڭ تەسۋىرىنى ئوڭايلا قوبۇل قىلالايدۇ، بىراق ئاددىي بولغان تىلنىڭ تەسۋىرىنى ئوڭاي قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەش جەريانىدا جىق سۆزلەپ كەتكەندە، ئاياللارنىڭ چوڭ مېڭىسى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەرنىڭ چوڭ مېڭىسى زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ، ئۇيپىكرى چېچىلىپ، ئۇيقۇسى كېلىدۇ ياكى جىم ئولتۇرالمايدۇ.»

**ئۈچىنچى، «يىلتىزنى ئاسراش» كېرەكمۇ ياكى «يىلتىزنى تارتىش» كېرەكمۇ؟**

باللارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى مەكتەپ دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئەزەلدىن تۈپتىن ئۆزگىرىش ياساپ باققىنى يوق، ئىمتىھان مائارىپى ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، مائارىپ تەتقىقاتچىسى لى مىن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ھازىرقى زامان مەكتەپ مائارىپىدا ئۆگىنىشنىڭ ئاسارىتىنى ھەمراھ قىلغان ئويۇن ئويناشنىڭ كەم قالغانلىقىدىن، ئوقۇغۇچىلار ئەڭ بەختسىز ھالدا [يىلتىزىنى تارتىش] ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

«يىلتىزنى تارتىش» دېگەن نېمە؟ لى مىن ئەپەندى ئىزھلاپ ئېيتقاندەك: «ئادەم بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن كۆپ قاتلاملىق ‹يىلتىز› غا ئىگە بولۇشى، يالغۇز ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجلا ئەمەس، يەنە روھىي جەھەتتىكى تەلىپمۇ قاندۇرۇلۇشى كېرەك.» كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەسسەپ تۇرىدىغان زېمىنغا ئىگە بولۇش ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، مۇستەھكەم تۇراقلىق ‹يىلتىز تارتىش› تىن ئىبارەت مەۋجۇدلۇق تۇيغۇسىمۇ بولىدۇ. «يىلتىز تارتىش بەلكىم ئىنسان روھىدا ئەڭ موھىم بولغان ھەم كىشىلەر ئەڭ ئېتىبارسىز قارايدىغان بىر تۈرلۈك ئېھتىياجدۇر».

ھالبۇكى، ئۆگىنىش بېسىمىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېغىر بولۇشى، تۈرلۈك ئىسكەنجە ئىچىدىكى روھىي بېسىم ۋە ئويۇن ئويناش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىشى تۈپەيلىدىن، بۈگۈنكى دەۋردىكى باللار خەتەرلىك بولغان «يىلتىزنى تارتىش» ھالىتىدە تۇرماقتا.

ئەمەلىيەتتە ئويلاپ كۆرسەك، بىزنىڭ ئەڭ خۇشاللىق كەچۈرمىشىمىز ۋە ئاسان ئېسىمىزدىن چىقمايدىغىنى ئادەتتە ئۆگىنىش داۋامىدا ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا ھەرىكەت قىلغان ۋە ئويۇن ئوينىغان ۋاقتىمىزدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمىزدۇر؛ بىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلغان تەسىراتىمىز دەرسخانىدا ئەمەس، بەلكى يېقىن كىشىلىرىمىز بىلەن، بولۇپمۇ ئۆلپەتلىرىمىز بىلەن بىللە بولغان ئۆزگىچە خاس كەچۈرمىش-

تۇر.

بالىلىق دەۋر كۆڭۈلنىڭ يۇرت ماكانى، پۈتۈن ئۆمۈرنىڭ ئېنېرگىيە بازىسىدۇر. سەممىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، دەل بالىلىق دەۋرىمىزدىكى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاشۇ ھەرىكەتلىك ئويۇنلار ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئۇنىڭ بىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىلىش ئىقتىدارى تەجرىبە - ساۋاقتىن كېلىدۇ، تەجرىبە - ساۋاق ھەرىكەت ئىقتىدارىغا تايىنىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق بىر بالا مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولغان ئويۇن ۋە ھەرىكەتكە خۇددى بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يېيىش مۇھىم بولغىنىدەك ئېھتىياجلىقتۇر، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىلار بۇنىڭغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئوغۇل بالىلار مائارىپى مۇتەخەسسىسى دوپسون دوكتور مۇنداق دەيدۇ: «تاشلىق (ئۇرۇقدان) ئاملى، سېروتونىن (قان زەردابى) ۋە ئامىگدالا (بادام بەز) قاتارلىق ئۈچ خىل جانلىقلار ھورمۇنى (بىئوھورمۇنى)، ئەرلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭكى بىلەن تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. تاشلىق (ئۇرۇقدان) ئاملى بولسا ئوغۇل بالىنى ھەرىكەتچان، رىقابەتچى، خەۋپ - خەتەرگە جۈرئەت قىلالايدىغان، ئىنتايىن قاۋۇل، باتۇر ۋە قەيسەر ئەرلەردىن بولۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىشتىكى موھىم سەۋەبتۇر. بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىن كېيىن، ئەرلەرنىڭ تېنىدىكى تاشلىق (ئۇرۇقدان) ئاملى ئاياللارنىڭ 15 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا سوراپ باقايلى، قايسى ئائىلە يېتەرلىك ھەرىكەت بىلەن بالىسىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى مۇشۇنداق كۈچلۈك قاتتىق ئىنتىلىشىنى قانائەتلەندۇرەلەيدۇ؟

سۈن يۈنشياۋ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «قىلچە گەپ سىغمايدۇكى، ئوغۇل بالىنىڭ كىرىزىسى يالغۇز ئوغۇل بالىنى تەربىيەلەشتىكى كىرىزىس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ كىرىزىسىدۇر. ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھانى يادرو قىلىنغان ئىمتىھان مائارىپى مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە يۆنىلىشىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلايدۇ، ھەم تەسلىكتە بىر مەھەل ئۆزگىرىش ياسىغاندا، ئائىلە تەربىيەسىنىڭ رولى ئادەتتىن تاشقىرى موھىم ئورۇنغا ئۆتىدۇ. يەنى دېمەكچىمەنكى، ئەگەر ئاتا - ئانىلار ساپا مائارىپىنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالىسا، ئائىلە تەربىيەسى بىر خىل «يىلتىزنى ئاسراش» تىپىدىكى تەربىيە بولىدۇ؛ ئەگەر ئاتا - ئانىلار ئىمتىھان مائارىپىنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئۇسۇلىغا ئىشەنسە، ئۇ ھالدا ئائىلە تەربىيەسى بىر خىل «يىلتىزنى تارتىش» تىپىدىكى تەربىيە بولۇپ قالىدۇ.»

كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، نۆۋەتتە نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار «تەلىم بېرىش تەلۋىسى» بولۇپ قالدى. ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىگە يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، بالىلىرىنى تىنىمسىز دەرس تەكرارلاش كۇرسلىرى ھېيت - بايراملىق ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى؛ ھەتتا بەزى ئاتا - ئانىلار يۇرتىنى، ئائىلىسىنى ۋە خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، چوڭ شەھەرلەرگە كۆچۈپ كېلىپ بالىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ ھەر خىل دەرس تەكرارلاش كۇرسلىرىدا بالىسى بىلەن بىر شەھەردە «ئوقۇدى»؛ «كىچىكىدە ئۆگەنگەن بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا ئۆگەنگەن بىلىم قۇمغا سۇ سىڭگەندەك» دەپ، كىچىككىنە بالىنىڭ قوش تىل ئۆگىنىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاز دەپ ھەر خىل چەتئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشكە ياكى باشقا ئالاھىدە تەربىيەنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاشتەك ئەمەلىيەتكە زادىلا ئۇيغۇن بولمىغان ئادەتتىن تاشقىرى بالا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسىدە، نۇرغۇن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى چەكتىن ئېشىپ، ئۇيقۇسىغا قانمىدى، ئۆگىنىشتىن زېرىكتى، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىنىڭ تۇغما ھەرىكەت ئىقتىدارى بىلەن چىقىشالمايدىغان مۇقەددەس تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋە دەرس تەكرارلاش بېسىمى قوشۇلۇپ، روھىي جەھەتتە تۈگىمەيدىغان جىددىيچىلىك ۋە بېسىم پەيدا قىلىنىپ، بالىلار خۇددى ھېس - تۇيغۇسىز ماشىنا ئادەمدەك باشقۇرۇلدى؛ ھە دېسىلا ئوقۇش نەتىجىسى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەكىتلىنىپ، ئوقۇش نەتىجىسى ھەممىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قاراپ، ئىمتىھان نەتىجىسى ئارقىلىق بالىنىڭ ئادىمىيلىك دەرىجىسى بېكىتىلىپ، دەرسخانىدا پارتىغا تىزىلىپ ئولتۇرۇشتىن تارتىپ، تورلۇك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقىچە ھەممىسىدە دەرىجىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىندى؛ ھەتتا بەزى مەكتەپلەردە شەكلى ئۆزگەرگەن بەلگە ئارقىلىق بىر سىنىپتىكى «ئەلاچى ئوقۇغۇچى»لار بىلەن ئاتالمىش

«ناچار ئوقۇغۇچى» لار ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلدى، بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىلار «خۇددى باشقىلار ئۈچۈن ياشاپ بېرىدىغاندەك» قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلىپ، ئائىلە تەربىيەسىنى قاتتىق كۈچەيتكەندىن باشقا، پۇل ئارقىلىق بالىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ چىقىشتەك ناتوغرا رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ، بالىدا پۇل ئۈچۈن ئوقۇش ئىدىيەسى كىچىكىدىن باشلاپلا يىلتىز تارتتى؛ ئائىلە يىغىلىشى ۋە ئاتا - ئانىلار يىغىنى خۇددى ئوغۇل بالىنى تەنقىد قىلىش ۋە ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان سوت مەيدانىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن ۋە مەكتەپتىن زېرىكىشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە بالىلار بوۋا - مومىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ھېرىسمەن بولۇپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بىللە تۇرغاندا زېرىكىشلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

سۈن يۈنشياۋ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەكتەپ ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت ئىككىلا تەرەپ ‹يىلتىزىنى ئاسراش› تەلىم - تەربىيەسىنى يولغا قويسا، ئۇ ھالدا، بالىلار خۇددى جەننەتتە ياشىغاندەك بالىلىقنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ ئەگەر مەكتەپ ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ پەقەت بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ‹يىلتىزىنى تارتىش› تەلىم - تەربىيەسىنى يولغا قويسا، ئۇ ھالدا، بالىلار خۇددى زىندىيەت ئىچىدە ياشىغاندەك، بالىلىقنىڭ خۇنۇك دەۋرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ ئەگەر مەكتەپ ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت ئىككىلا تەرەپ ‹يىلتىزىنى تارتىش› تەلىم - تەربىيەسىنى يولغا قويسا، ئۇ ھالدا، بالىلار خۇددى دوزاختا ياشىغاندەك، ئېچىنىشلىق بالىلىق دەۋرىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.»

سىز بالىغا ھەقىقىي تۈردە كۆيۈنىدىغان ھەمدە بالا تەربىيەلەشنى بىلىدىغان ئاتا - ئانىمۇ؟ بالىڭىز ئوقۇۋاتقان مەكتەپ بالىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس كېلىدىغان مەكتەپمۇ؟

خۇددى سۈن يۈنشياۋ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئۇل مەنبەسىنىڭ ئېھتىياجىغا نىسبەتەن ‹يىلتىزىنى ئاسراش› ياكى ‹يىلتىزىنى تارتىش› ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بالىلىق دەۋرىنى قوغداش ياكى بالىلىق دەۋرىنى نابۇت قىلىشنىڭ ئۆزى، ئەڭ ئاددىي ھەم ئەڭ مۇھىم بولغان پەرقلەندۈرۈش ئۆلچىمىگە ئايلىنىشى كېرەك.»

**تۆتىنچى، سۆيگۈ ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ**

ئوغۇل بالىنىڭ كىرىزىسى دەل ئاتا - ئانىنىڭمۇ كىرىزىسىدۇر. جىنس ئايرىمىسى مائارىپى مۇتەخەسسىسى مىكائېل.گۇرىئان دوكتور ئېيتقاندەك: «ئوغۇل بالىنىڭ كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئاتا - ئانىلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئوغلىنى تەربىيەلەش ئىشىنى مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ خىل سانائەتلەشكەن قۇرۇلمىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كەچتى.»

سۈن يۈنشياۋ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «مەن باشتىن - ئاخىر شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سۆيگۈ ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوغۇل بالىلارنىڭ كىرىزىسىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ يەتكەن چاغدا، ئەگەر ئۇلاردا يېتەرلىك بولغان چىن سۆيگۈ بولسىلا، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىدۇ.»

ھەقىقىي ئەركەكلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، «ئوغۇللارنى قۇتقۇزۇش» مەسىلىسىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئوغۇللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» ناملىق كىتابتا، ئوغۇل بالىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەركەكلەرگە خاس ھالدا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان بەش پەزىلەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى، مەسئۇلىيەتچانلىق بولسا يېڭى دەۋردىكى ئەركەكلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۇل مەنبەسىدۇر، ئەقىل بۆلۈنمىسى، ساغلاملىق بۆلۈنمىسى، ھېسسىيات بۆلۈنمىسى ۋە ئوگۈنۈشسىزلىق بۆلۈنمىسى قاتارلىقلار دەل تۆت دانە پايدىلىق يا ئوقىغا ئوخشاش، بىۋاستە ھالدا ئوغۇل بالىنىڭ تۆت چوڭ كىرىزىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جاھاندىكى چوڭ ئىشلار ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىنىدۇ، قىيىن ئىشلار ئوڭاي ئىشتىن باشلىنىدۇ. ئۇنداقتا، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قانداق قىلغاندا ئوغۇل بالىلارنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟

1. ئوغۇل بالىغا بولغان مۇئامىلىنى ئۆزگەرتىش كېرەك

(1) كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئوغۇل بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ، ئاجىزلىقىمۇ بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچىسى قىز بالىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىمايدۇ.

(2) ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئوغۇل بالىنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى كۆرگەندە، ھەمىشە ئوغۇل بالىنى ئەيىبلەۋەرمەستىن، بەلكى ئوغۇل بالىغا ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئاساسىدا قانداق قىلىپ باتۇرلۇقنى ۋە قانداق قىلىپ ھەقىقىي ئەركەك بولۇپ چىقىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

(3) تەلەپنى ئۆزگەرتىش كېرەك. شەپقەتسىزلىكنى كەڭ قورساقلىققا ئۆزگەرتىپ، ئوغۇل بالا ئۆگىنىش جەھەتتە ۋاقتىنچە ئارقىدا قالغان چاغدا، ئوغۇل بالىنى چۈشىنىش ۋە ئوغۇل بالىغا بولغان ئىشەنچىدىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەك.

2. ئاتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ئوغۇل بالىنىڭ كىرىزىسى ئاتا تەربىيەسىنىڭ كەملىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگو ياش - ئۆسمۈرلەر تەتقىقات مەركىزى ئېلىپ بارغان جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوغۇل بالىلار بىئارام بولغان چاغدا، ياپونىيە، كورىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاتا - ئانىسىنى دەردىنى تۆكۈدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى بەش ئوبيېكتىنىڭ قاتارىغا قويغان، لېكىن جۇڭگونىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پەقەت ئانىسىنىلا 3 - قاتارغا قويغان بولۇپ، ئاتىسىنى بولسا ئالدىنقى بەش قاتارنىڭ سىرتىدىكى تورداشلىرىنىڭ قاتارىغا قويغان. دېمەك، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جۇڭگولۇق ئوغۇل بالىلارنىڭ كىرىزىسىنىڭ بىرسى دەل ئاتا كىرىزىسىدۇر.

ئىگىلىنىشىچە، ئامېرىكىنىڭ ئاتىلىق ئورۇن تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، جۈرىسىز ئائىلىدە تۇرىدىغان قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلار پەقەت 20 پىرسەنتنى ئىگەللەيدىكەن، لېكىن، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۆسمۈرنىڭ 70 پىرسەنتى جۈرىسىز ئائىلىدىن چىقىدىكەن. باسقۇنچى جىنايەتچى، ئۆسمۈر قاتىل جىنايەتچى، ئۇزاق مۇددەت جازا ئۆتەيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ئاتىسىز ئائىلىدىن چىقىدىكەن، ئۆي - ماكانسىز قالغان ۋە ئائىلىسىدىن چىقىپ كەتكەن بالىلارنىڭ 90 پىرسەنتى ئاتىسىز ئائىلىنىڭ بالىلىرى ئىكەن، زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورۇنلىرىدىكى 75 پىرسەنت ياش - ئۆسمۈر ئاتىسىز ئائىلىنىڭ بالىلىرى بولۇپ، 80 پىرسەنت باسقۇنچىنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش مەقسىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاتىسىز ئائىلىدىكى غەزەپنىڭ يۆتكىلىشىدىن پەيدا بولىدىكەن.

مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتىسىز بالىنىڭ ئىنتىزام تەربىيەسى يېتەرلىك بولمايدۇ، بالىنى قانداق ئەر قىلىپ تەربىيەلەش جەھەتتىكى ئىمكانىيەت يېتەرلىك بولمايدۇ. دېمەك، ئاتا بولغۇچى ئوغۇل بالىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش جەھەتتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

لېكىن، ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق شۇنداق ئاتىلارمۇ باركى، بالىسىنىڭ قانچىنچى يىللىقتا، قانداق ئوقۇۋېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئوغلىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولسا «مېنىڭ بالام»، ناچار بولسا «ئانىسىنىڭ بالىسى» بولۇپ قالىدۇ، ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، خىزمىتىم ئالدىراش، پۇل تېپىپ ئائىلىنى قامداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم جاپالىق چوڭ ۋەزىپىنى مەن ئۈستۈمگە ئالغان، بالا بېقىش خوتۇن خەقنىڭ ئىشى دەپ، بالىنى تەربىيەلەشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بالىنىڭ ئانىسىغا «مەرتلىك بىلەن» ھۆددىگە بېرىۋېتىدۇ - دە، ئىشنىڭ چاتىقى چىققاندا بالىنىڭ ئانىسىنى ئەيىبلەيدۇ، پۇل خەجلەپ ئالاقە باغلاپ چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. ھەتتا بەزى ئاتىلار ئۆزىنىڭ ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، دائىم دېگۈدەك سىرتلاردا مەست يۈرگەننى ئاز دەپ، ئائىلىدە ھاراق سورۇنى تۈزۈپ، ئىچىپ - چېكىپ، قىمار ئويناپ، ئالا - تاغىل توۋلاپ، بالىسى ۋە بالىنىڭ ئانىسىغا ھۆرپىيىپ، پۇرسەت تاپقاندا مەردانىلىق بىلەن پۇل خەجلەپ ئائىلىسىدىكىلەرنى مېھمان قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۆزىچە قالتىس ئىش قىلىۋەتكەندەك مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈشتىن تەپ تارتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە بولۇپمۇ ئوغۇل بالىغا «دادا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەن تەسىرنى بېرىپ، گۆدەك بالىنىڭ قەلبىدە مەسئۇلىيەتچانلىق، ئىنتىزامچانلىق، ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش ئەمەس، ئەقەللىيسى ئادەمىيلىك ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول ئاچىدۇ.

ئاتا — ئوغۇل بالىنى تەربىيەلەشتىكى بىرىنچى ئۇستاز، بولۇپمۇ ئەڭ موھىم ئاتا — ئەركەكلىكنى ئۆيگىتىدىغان ئۇستازدۇر. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئاتا بولغۇچى بالىغا

ئىناق دوستلاردەك يېقىنلىشىشى، بالىنىڭ ئانىسىنىڭ بالا ئالـ
دىدىكى نـوپۇزىنى قـوغدىشى، قـانداق قـىلىپ ھـەقىقىي
ئـەركەك بـولۇپ چـىقىش جـەھەتتە ئـوغلىغا ئـۈلگە بـولۇشى
كېرەك. بارلىق ئائىلە ئەزالىرى، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئا-
نىسى ئاتىنىڭ ئوبرازىنى قوغداشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى،
ئوغۇل بالىنىڭ ئۆز جىنسىي پەرقىنىڭ رولىنى تونۇپ يېتىشـ
نى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەركەك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىكى
ئىنتىلىشىنى قوزغاپ، ئـەركەكلەرچە مـەسئۇلىيەتنى مـەردانە-
لىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىغا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

3. ئوغۇل بالىنى تەربىيەلەشتە ھەرىكەت تـەربىيەسىنى
زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك

(1) خۇددى بۈركۈت كۆك ئاسمانغا، تۇلپار كەڭ يـاي-
لاققا تـەشنا بـولغاندەك، ئـوغۇل بـالىنىڭ تـۇغما تـەبىئىيتى
ئۇنى ھەرىكەت بىلەن ئۆمۈربويى ھەمراھ بولۇشنى بەلگىلە-
گەن. ھەرىكەت بولمايدىكەن ئوغۇل بالىمۇ بولمايدۇ، ئەر-
كەكمۇ بولمايدۇ، ئاتا تېخىمۇ بولمايدۇ، ھەرىكىتى بـولمىغان
ئوغۇل بالىدا چاتاق بار دېيىشكە بولىدۇ.

(2) ھەرىكەت بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، تەننى ساغلاملا-
لاشتۇرىدۇ، زېھىننى تېخىمۇ ئاچىدۇ، ھەتتا بالىلارنى ئـىجتە-
مـائىيلاشتۇرىدۇ. تـەنتەربىيە مـۇسابىقىلىرىنى كۆرگـەندە
ھەممىمىز شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، ئاتالمىش ھـەرىكەتنىڭ
ھەممىسىدە مۇقەررەر ھالدا ئۆلچەم، قائىدە ۋە كـوللېكتىۋىزمـ
لىق روھ بولىدۇ، شۇڭا، ھـەرىكەت قـىلغۇچى چوقۇم قـائىدىگە
بويسۇنۇشنى، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىشنى، زىچ ھەمكارلىشىشـ
نى، شان ـ شەرەپنى ئـالىيجاناپلىق دەپ بـىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى
ۋە شۇنداق ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

(3) ئوغۇل بالىنىڭ ھەرىكەتچانلىق ئـادىتىنى يـېتىلدۈ-
رۈش يالغۇز زېھىننى ئېچىپ، تەن ساغلاملىقىنى كـۈچەيتىپ،
ئـىجتىمائىيلىشىشنى ئـىلگىرى سـۈرۈپلا قـالماستىن، بـەلكى
يەنە بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىنى باشتىن ئۆتكۈزۈشتە ئالاھـ
دە زور ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ھالبۇكى ئاتا بولغۇچى بىرىنـ
چى مەسئۇل (جاۋابكار) كىشى، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى تـرېـ
نېر بولۇشى كېرەك.

شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىش كېرەككى، پەقەت يـۇقىرىقىـ
دەك ئۈچ جەھەتتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ داۋامـلاشتۇرغاندىـ
لا، ھەر بىر ئوغۇل بالا ھەم ساغلام ھەم خۇشال ھالدا يۇقىـ
رى ئۆرلەپ، ھەقىقىي ئەركەك بولۇپ يېتىشىپ چىقىش جـە-
ھەتتە چولڭ ئۇمىدكە تولىدۇ. ئـوغۇللىرىمىز جـەسۇر ھـەمدە
مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە رىقابەت كۈچىگە باي ئـەركەكلەر-
دىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان چاغدا، ئۆزىگە، مىللەتكە، جەمـ
ئىيەتكە ۋە ۋەتەنگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئـەڭ ئـاد-
دىيسى يەنە قىزلارنىڭمۇ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا پايدىلىق.

**بەشىنچى، ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان فىـ
زىيـولوگىيەلىك جـەھەتتىكى ھـورمـون سـەۋىيەسى ۋە
ئۇنىڭ رولى**

جىنسىي ھورمون ئادەم تېنىدىكى بىر خىل موھىم خـە-
مىيەلىك ماددا بولۇپ، ئاساسلىقى ئەرلىك (ئاتىلىق) جـىنسىي
ھورمونى ۋە ئانىلىق گـورمۇنىدىن ئـىبارەت ئـىككى تـۈرگە
بۆلۈنىدۇ. جىنسىي ھورمۇنىنىڭ ئادەم تېنىدىكى مىقدارى نـا-
ھايىتى ئاز، ئەمما رولى ئىنتايىن زور. ئوغۇل بالا بىلەن قـىز
بالىنىڭ تېنىدە، ئەرلىك (ئاتىلىق) جىنسىي ھـورمۇنى بـىلەن
ئانىلىق گـورمۇنىنىڭ ئـىككىلىسى مـەۋجۇت بـولۇپ، پـەقەت
جىنسىي ئـوخشىمىغاچقىلا مـىقدارى ئـوخشىمايدۇ، بـالاغەتكە
يېتىش مەزگىلىدىن كېيىن، ئوغۇل بالىنىڭ تېنىدىكى ئـەرلىك
(ئـاتىلىق) جـىنسىي ھـورمۇنى قـىز بـالىنىڭ 15 ھـەسسىسىگە
توغرا كېلىدۇ، ئەمما قىز بالىنىڭ تېنىدىكى ئانىلىق گورمۇنى
ئوغۇل بالىنىڭ 8 ـ 10 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

تېببىي ئىلمىدە ئىسپاتلىنىشىچە، تۆرەلمە (ھامىلە) پەيدا
بولغاندىن كېيىنكى 40 كۈندىن 110 كۈنگىچە بولغان مەزگىل
ئىچىدە، جىنسـىي ئايرىمـىسى ئېنىق شەكىلـلىنىـپ، تۆرەلمە
(ھامىلە) بىر قېتىملىق ھاياتلىق ئۆزگىرىشىنى بـاشتىن ئۆتكۈزىـ
دۇ، مانا بۇ ئەرلىك (ئاتىلىق) جىنسىي ھورمۇنىنىڭ بـىرىنچى قېـ
تىملىق يۇقىرى پەللىگە يېتىش مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوغۇل بالا 11 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالا-
غەتكە يېتىش باسقۇچىنىڭ دەسلـەپكى بـاشلىنىش مـەزگىلىگە
قەدەم قويىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئوغۇل بـالىنىڭ ئـەرلىك (ئـاتىـ
لىق) جىنسىي ھورمۇنى ناھايىتى تېزلىكتە يـۇقىرى ئۆرلەپ،
بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جىنسىي ئالامىتىنىڭ جىددىي ئـۆزگـ
رىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ساقال ـ بـۇرۇت چـىقىشقا بـاشلاپ،
بەدەن تـۈكلىرى قـويۇقلىشىدۇ، ئـۈنى پـۈتۈپ بـوملىشىدۇ،
جىنسىي ئەزالىرى تەدرىجى پىشىپ يـېتىلىپ، جـىنسىي تـۇيغۇ
سى ئويغىنىپ، ئېھتىلام بولۇشقا باشلايدۇ، فـىزىيولوگىيە جە
ھەتتە ئاستا ـ ئـاسـتا پـىشىپ يېتىلىپ تـۇيۇقسىزلا بـاشقا بـىر
ئادەمگە ئـوخشاپ قـالىدۇ، ئـەسلىدىكى شـوخ ۋە ئـوچۇق ـ

www.uyghurkitap.com

يورۇق بالا ئۆزىچە بەزىدە جىمغۇر، غەمكىن، بەزىدە سەپرا مىجەز بولۇپ قالىدۇ، خۇددى ئائىلىدە بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا باردەك، ئادەمگە تۇتۇق بەرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوغۇل بالا ئاستا-ئاستا بىر ھەقىقىي ئەر كىشىگە ئايلىنىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە، ئاتا-ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوغۇل بالىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ، ئوغۇل بالىنىڭ مۇشۇ باسقۇچنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماي، ئەڭ ياخشىسى بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بالا بىلەن قارشىلاشماسلىقى كېرەك.

ئەرلىك (ئاتىلىق) جىنسىي ھورمون ئاجرالمىسى بىلەن ئەر جىنسنىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ باغلىنىش بولۇپ، ئەرلىك (ئاتىلىق) جىنسىي ھورمونى ئوغۇل بالىنى ھەرىكەت قىلىشقا قىستاپ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتىدۇ، ھەمدە ئۇلارنى تېخىمۇ زەربىدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەركەك جىنسلىق ھايۋانلارنى ئاختا قىلىش (پىچىۋېتىش) ئارقىلىق ئۇلارنى كۆندۈرگەن، شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقى (ھەرىكەتچانلىقى) زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ.

كۆندىلىك تۇرمۇشتا، ئوغۇل بالا ئىنتايىن تەۋەككۈلچى بولۇپ، رىقابەت قىلىشقا، جەڭ ئېلان قىلىشقا، جېدەللىشىشكە، يۈگۈرۈپ-چېپىپ ھەرىكەت قىلىشقا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ، جىمجىت ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەرلىك (ئاتىلىق) جىنسىي ھورمۇنىنىڭ كۆپلەپ ئاجرىلىپ چىقىشقا يۈزلىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. مانا بۇلار ئوغۇل بالىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئەگەر ئاتا-ئانىلار ئۇنى چۈشىنىپ يەتسە، بەلكىم ئەڭ ياخشى ئاماللارنى تېپىپ چىقىپ، ئوغۇل بالىنى يېتەكلەپ ماڭالايدۇ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ چىقالايدۇ.

**ئالتىنچى، ئوغۇل بالىنىڭ چوڭ مېڭىسى جىنسىي پەرققە ئىگە.**

تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى قۇرۇلما جەھەتتە ئوڭ ۋە سول يېرىم شاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئادەتتە بىرسى ئاساسلىقى تىل (سۆزلەش) ۋە ئەقلىي يەكۈنگە مەسئۇل بولسا، يەنە بىرسى ئاساسلىقى ھەرىكەت قىلىش، سەزگۈ-ھېسسىيات ھەمدە بوشلۇق (ماكان) مۇناسىۋىتىگە مەسئۇلدۇر. ئىككى يېرىم شارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «قاداق تەنە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر گۇرۇپپا نېرۋا تالالىرى بولۇپ، ئوڭ ۋە سول يېرىم شارنى ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئايال جىنسنىڭ قاداق تەنىسى ئەر جىنسنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ، ئايال جىنسنىڭ ئىككى يېرىم شار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىسى تېخىمۇ زىچ. ئەر جىنسنىڭ چوڭ مېڭىسى يەككە ھالەتتە يانتايىغان، ئايال جىنسنىڭ چوڭ مېڭىسى ئىككى ياقلىق ھالەتتە يانتايىغان بولۇپ، ئايال جىنسنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئىككى يېرىم شارچىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نىسبەتەن تەڭپۇڭ.

ئەر-ئاياللارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان نېرۋا توقۇلمىسىنىڭ تەركىبىدىكى كۆلرەڭ ماددا، ئاق ماددا ۋە سۇ تەركىبىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. ئەر جىنسنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۇ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىنتايىن كۆپ سۇيۇق جىسىم بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ سۇيۇق جىسىملار ئەر جىنسقا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەگەر مۇشۇ سۇيۇق جىسىملار مەۋجۇت بولمىغان بولسا، ئەر جىنسنىڭ ھەرىكىتى كۆپ، جىم تۇرمايدىغان بولغاچقا، چوڭ مېڭىسىنىڭ كۈتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتكە ئۇچراش خېيىم-خەتىرى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بولاتتى.

سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئايال جىنسنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى نېرۋا توقۇلمىسىنىڭ كۆلرەڭ ماددىسى ئەر جىنسنىڭكىدىن 15 پىرسەنت كۆپ بولۇپ، بۇ ماددىلار ئاساسلىقى ئىنساننىڭ تەپەككۇرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ.» دېمەك، بۇ، نېمە ئۈچۈن ئايال جىنسنىڭ تۇغما تىل (سۆزلەش) ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ھالبۇكى، ئەر جىنسنىڭ چوڭ مېڭىسى ناھايىتى كۆپ ئاق ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، بۇ ماددىلار ئاساسلىقى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىنى ۋە نېرۋا ئىمپۇلسى (نېرۋا دولقۇنى) بىلەن پۇت-قوللارنى ھەمدە گەۋدە (بەدەن) ئارىسىدىكى يەتكۈزۈپ بېرىشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەر جىنسلار تۇغۇلغاندىن تارتىپلا بوشلۇق (ماكان) سەزگۈسىگە تايىنىپ جىم تۇرماي ھەرىكەت قىلىش (ئىدراك) ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

چوڭ مېڭىنىڭ ئىككى يېرىم شارچىسى ئارىسىدىكى

زىچ باغلىنىش ئايال جىنسلارغا بەزى ئەۋزەللىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئايال جىنسنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ بىر دانە يېرىم شارچىسى زەخىملەنگەن ۋاقىتتا، يەنە بىر دانە چوڭ مېڭە يېرىم شارچىسى دائىم ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ئەمما ئادەتتە ئەر جىنسنىڭ بۇنداق ئامىتى يوق.

**يەتتىنچى، ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالىنىڭ پىسخىكىسىدا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت**

ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەر جىنس بىلەن ئايال جىنسنىڭ تىل ئىقتىدارى، بوشلۇق (ماكان) سېزىم ئىقتىدارى، ماتېماتىكا ئىقتىدارى ۋە زەربىدارلىق (ھۇجۇم قىلىش) خاراكتېرى جەھەتتە جىنسىي پەرق مەۋجۇت.

ئوغۇل بالىنىڭ تەۋەككۇل قىلىشقا ئامراق، رىقابەتكە ئىنتىلىدىغان، شوخ ۋە جىم تۇرمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەم ئۈستۈنلۈك ھەم يېتەرسىزلىكى دەپ قارىلىدۇ.

قىز بالىغا سېلىشتۇرغاندا، ئوغۇل بالىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاستا بولۇپ، تىل ئىقتىدارى ۋە ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش جەھەتتە بىر مەزگىل ئاجىز ھالەتنى ساقلاپ، ئۆگىنىشتە توسقۇنلۇققا ئۇچراش، تىلى كەمتۈك بولۇش، كۆپ ھەرىكەت قىلىش، روھىي كەيپىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش ۋە ئەقىل-پاراستى ئارقىدا قېلىشتەك تۈرلۈك تەرەققىيات مەسىلىسىگە ناھايىتى ئوڭايلا دۇچ كېلىدۇ.

1. تىل ئىقتىدارى جەھەتتە قىز بالا ئوغۇل بالىدىن بالدۇر يېتىلىدۇ

پۈتكۈل باللىق دەۋرىدە، قىز بالا ئوقۇپ چۈشىنىش سىنىقى جەھەتتىمۇ ئوغۇل بالىغا قارىغاندا كىچىككىنە، ئەمما داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئايال جىنسلار ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشتىمۇ قىز بالا ئوغۇل بالىغا قارىغاندا تېخىمۇ ماھىر كېلىدۇ.

2. ئوغۇل بالىنىڭ ئۈستۈنلىكى

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوغۇل بالىنىڭ ئۈستۈنلىكى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ كۆرۈش سېزىمى ۋە بوشلۇق (ماكان) ئىقتىدارى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېماتىكىلىق ئىقتىدار قاتارلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئوغۇل بالا ئىنتايىن يۇقىرى بولغان نىشان (تەرەپ) سەزگۈسىگە ئىگە بولۇپ، گېئومېترىيە ۋە ستېرېئومېترىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى سەل ئوڭاي. بۇ دەل ئوغۇل بالىنىڭ بەكمۇ ياخشى بولغان كۆرۈش سېزىمى ۋە بوشلۇق (ماكان) ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا، ئوغۇل بالىنىڭ كۆرۈش سېزىمى ۋە بوشلۇق (ماكان) ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئىپادىسى قىز بالىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بەلكى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل ئۈستۈنلۈكى داۋاملىق ئېشىپ، پۈتۈن ھاياتلىق مۇساپىسىگە سىڭىپ كېتىدۇ.

تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىن ئىلگىرى، ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىقتىداردا روشەن پەرق ئىپادىسى بولمايدىكەن. بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىن باشلاپ، ئوغۇل بالا كۆپلىگەن ماتېماتىكىلىق ئىقتىدار جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىكەن. قىز بالىغا قارىمۇ-قارشى ھالدا، ئوغۇل بالىنىڭ ھېسابتىن يەكۈن چىقىرىش سىنىقىدىكى ئىپادىسى كىچىككىنە ئۈستۈن بولسىمۇ، ئەمما داۋاملىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىكەن؛ ئوغۇل بالا نۇرغۇن ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تاكتىكىسىنى ئىگىلىيەلەيدىكەن، شۇڭا، مۇرەككەپ گېئومېترىيە مەسىلىلىرىدە قىز بالىغا قارىغاندا نەتىجىسى ياخشى بولىدىكەن. ئەر جىنسنىڭ ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەردىكى ئۈستۈنلۈكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەر جىنسلارنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانتى مۇشۇ باسقۇچتا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا تەبىئىي پەندىكى نەتىجىسى ياخشى بولغان ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇشتا بەك قىيىنىلىپ كەتمەيدۇ.

لېكىن، ئوغۇل بالىنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئومۇميۈزلۈك ئۈستۈنلۈك ھېسابلانسىمۇ، ھېسابلاش ئىقتىدارى جەھەتتە قىز بالىنىڭ ئىپادىسى ئوغۇل بالىدىن يەنىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇڭا، ئايال جىنسلار ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھېساباتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا پىششىق كېلىدۇ.

3. ئوغۇل بالىنىڭ جىم تۇرماسلىقى ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىق ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

تۆرەلمە مەزگىلىدىلا، ئوغۇل بالىنىڭ بەدەن ھەرىكە

تى قىز بالىغا قارىغاندا جانلىق بولۇپ، پۈتۈن باللىق مەزگىلىدە، ئوغۇل بالا ئىزچىل تۈردە قىز بالىغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھەرىكەت سەۋىيەسىنى ساقلاپ قالىدۇ.

سۇن يۈنشياۋ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە: «ئىككى ياشتىن باشلاپ، ئوغۇل بالىنىڭ بەدەن زەربىسى (ھۇجۇمى) ۋە تىل زەربىسى (ھۇجۇمى) قىز بالىغا قارىغاندا كۆپ بولىدىكەن؛ ئۈسمۈرلۈك مەزگىلىدە، ئوغۇل بالىنىڭ جەمئىيەتكە قارشى قىلمىشى ۋە زوراۋانلىق جىنايىتىگە نىسبەتەن قىستىلىپ كىرىش مۇمكىنچىلىكى قىز بالىنىڭ 10 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن. كىنو- تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە زوراۋانلىق كۆرۈنۈشلىرىنىڭ چىققانلىقىنى سەزگەن ھامان، ئوغۇل بالىلارنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا يورۇپ، يۈزلىرى پارقىراپ كېتىدىكەن، زوراۋانلىق ۋەقەسىگە بولغان ئەستە قالدۇرۇشى ۋە ئېسىگە ئېلىشى قىز بالىلارغا قارىغاندا ئۈستۈن تۇرىدىكەن؛ توقۇنۇشقا دۇچ كەلگەندە، ئوغۇل بالىلار ئۇرۇشۇپ- سوقۇشۇش ياكى تىللاپ- ئەيىبلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىكەن، قىزلار بولسا توقۇنۇشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، زەربىسىز (ھۇجۇمسىز) ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ خىل ئەھۋالدىن ئەپلەپ- سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلايدىكەن.»

ئوغۇل بالىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەت ئىپادىسى قىز بالىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. قىز بالا باشقىلارغا ئۆز تەلىپىنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىپادىلەيدۇ، ئوغۇل بالا بولسا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىنى كۆزلىگەن پوزىتسىيەدە ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەيدۇ. باشقىلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشتا، قىز بالىلار ئادەتتە يەم- پاراسەتلىك ۋە ئەدەپلىك تەكلىپلەرنى قوللىنىدۇ، ئوغۇل بالىلار گەرچە باشقىلار بىلەن دوستانە ھەمكارلاشسىمۇ، ئەمما بۇيرۇقنى ۋاستە قىلىدۇ ياكى كونترول قىلىش خاراكتېرىدىكى تاكتىكىسىنى ئىشقا سالىدۇ.

4. رىقابەتلىشىش — ئوغۇل بالىنىڭ ماھىيەتلىك بىر ئالاھىدىلىكىدۇر

ئىككىدىن ئارتۇق ئوغۇل بالا بىر يەرگە كەلسىلا ئۆز- ئارا رىقابەتتىن خالىي بولالمايدۇ، بىر كوللېكتىپ ئىچىدە، ھەر بىر ئوغۇل بالا ئۈستۈنلۈك ئورۇنىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەممىشە مەلۇم نەرسىلەر ئۈچۈن ياكى كىچىككىنە مەرتىۋە، ئابروي ۋە ئىمتىياز ئۈچۈنمۇ رىقابەتلىشىپ تۇرىدۇ. ھەتتا تاياق زەربىسىگە جاۋاب، تىل زەربىسىگە چىدىماي ھۇجۇم قىلىپ ئۆچ ئېلىشنى ئويلايدۇ. ئەر جىنسلار باشتىن- ئاخىر ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە دەرىجە- تەبىقە نەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، دەرىجە مۇناسىۋىتىدە ھەممىشە ئەڭ ئۈستۈنلۈك ئورۇننى كىمنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايدۇ.

خۇددى سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئايال جىنسلار باشقىلار بىلەن بىردەك جايىنى ئىزدەپ تېپىش يۆنۈلىشى تەرىپىگە قاراپ ئېغىپ، باشقىلار بىلەن ئورتاق ئاساسقا ئىگە بولغان- بولمىغانلىقىغا قارايدۇ» ھالبۇكى ئەر جىنسلار بولسا رىقابەتلىشىشكە قاراپ ئېغىپ، باشقىلار بىلەن يۇقىرى- تۆۋەنلىكنى تالىشىدۇ.

كانادالىق پسىخولوگ باربارا.مولۇنجىرومنىڭ تەتقىقاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالىنىڭ خەتەرلىك ھەرىكەتكە بولغان كۆزقارىشى ئوخشىمايدۇ، يوشۇرۇن خەتەرگە دۇچ كەلگەن چاغدا، ئايال جىنسلار ھەممىشە ئۆزىنىڭ زەخىملىنىپ قېلىش- قالماسلىقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلاپ، ئاسانلىقچە ئالغا ئىلگىرىلىمەيدۇ؛ ئەمما ئوغۇل بالىلار دائىم خەتەرنى تۆۋەن چاغلاپ، ھەتتا خەتەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ، بەلگىلىك خەتەرنىڭ بارلىقىنى سەزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار سىناپ بېقىشنى تاللايدۇ.»

ئويۇن ئويناشتا ئوغۇل بالىلار خەتەرلىك ئويۇنلارنى ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئويۇنچۇقلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئۆي- ئىمارەت، راكېتا، ئايروپىلان، ماشىنا قاتارلىقلارنى ياساپ ئويناشنى ياقتۇرىدۇ. توپلىشىپ ئوينايدىغان ئويۇنلاردا ئوغۇل بالىلار ئوغۇللارنى، قىز بالىلار قىزلارنى تاللاشنى خالايدۇ. ئوغۇل بالىلار ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تۈزۈلگەن توپ بولۇپ ئويۇشۇپ بىرلىكتە ئويناشنى ياكى رىقابەت خاراكتېرىدىكى سوقۇش (جەڭ) ئويۇنلىرىنى ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، قىز بالىلار ئىككىلا ئادەم بىلەن باردى- كەلدى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا، ئوغۇل بالىلارنىڭ بىللە ئوينايدىغان ھەمراھلار توپىنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ چوڭىيىدۇ، ئەمما قىز بالىلار ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئوغۇل بالىلارنىڭ بىللە ئوينايدىغان ھەمراھلىرى ئارىسىدا ئوڭايلا

توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

**سەككىزىنچى، ئاتا — ئەركەكلىككە يول باشلىغۇچىدۇر**

1. ئاتا — ئوغلىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەر كىشى.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگ دوپسون مۇنداق دەپ قارايدۇ: «بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر مۇناسىپ ئەر كىشى بىللە بولغاندا، بۇ ئوغۇل بالا مەڭگۈ قىڭغىر يولغا مېڭىپ قالمايدۇ.»

سۇن يۈنشياۋ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا مېھرى بىلەن ئانا مېھرى ئوخشىمايدۇ، ئۇزۇندىن بۇيان، بىز ھەممىشە ئانا مېھرىنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە ئادەتلىنىپ كېتىپ، ئانا مېھرىنىڭ يۈكسەكلىكىنى تەكىتلەپ كەلدۇق، لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئاتا مېھرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغدۇر. خۇددى بىر قۇشنىڭ ئىككى قانىتى، بىر ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى بولغىنىدەك، ئاتا مېھرى بىلەن ئانا مېھرىنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ، ئورنىنى ھېچنېمە ئالالمايدۇ.»

بالىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەردە ئاتا غايەت زور رول ئوينايدۇ، ئاتا مېھرى بالىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە.

بالىنىڭ ئائىلىدە ئاتا بىلەن بىللە بولۇش پۇرسىتى قانچە كۆپ، ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا، بالىنىڭ ئەقىل - پاراستىمۇ شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ. كىچىكىدىن ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان بالىنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسى يۇقىرى، كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇق، مۇناسىۋەتكە ماھىر، ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ.

ئاتا تەربىيىسى دەل ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، بالىلارنى تەربىيىلەش مۇتلەق ھالدا پەقەت ئانىنىڭلا ئىشى بولۇپلا قالماستىن، ئاتىمۇ ئوخشاشلا غايەت زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، بالىنى پەقەت بېقىشنىلا بىلىپ، تەربىيىلەشنى بىلمەسلىكتىن ئىبارەت بالا تەربىيىلەش مەسىلىسىدە ئاتىنىڭ ئورنى قەتئىي كەم بولماسلىقى كېرەك.

ئاتا — ئوغلىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەر كىشى، پەقەت ئاتىلا ئەركەكلىك ئوبرازىنى ھەم ئەڭ مۇھىم بولغان ئۈلگە ئوبرازىنى يارىتالايدۇ.

ئاتا — ئوغۇل بالىنىڭ ئەركەكلىك مىجەز - خۇلقىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئاتا ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي پەرق رولىنىڭ شەكىللىنىشى، جىنسىي پەرق ھەرىكىتىنىڭ يارىتىلىشى ھەمدە جىنسىي پەرقنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ تاماملىنىشىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوغۇل بالىنىڭ ئەر جىنسقا بولغان تونۇشى ئاتىدىن باشلىنىدۇ. ئوغۇل بالا قانداق قىلىپ پۇت دەسسەپ تۇرۇشنى، ئادەم ۋە نەرسىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ۋە ئايال جىنسلارغا قانداق كۆيۈنىشنى ئاتىدىن ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئوغۇل بالىلار چوڭ بولغانسېرى ئاتىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئەركەكلىك جاسارىتىگە تولۇپ - تاشقان ئوغۇل بالىلارنىڭ ئاتىسىنىڭ بېقىپ تەربىيىلەش ھەرىكىتى ئادەتتە كەسكىن ھەم نوپۇزلۇق بولىدىكەن. ئەكسىچە، ئەگەر ئاتىسى ئائىلىدە ئاجىز ھەم ئىقتىدارسىز، ئانىسى ھۆكۈمران ئورۇندا بولسا، ئۇ ھالدا، ئوغۇل بالىنىڭ ئەر جىنسنىڭ جىنسىي پەرقىگە بولغان تونۇشى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، ئوغۇل بالىنىڭ ئايال جىنسلىشىش مىجەز - خۇلقى زىيادە كۆپ ئىپادىلىنىدىكەن. زەربىدارلىق (ھۇجۇمچىلىق) ھەرىكىتى بەكمۇ يۇقىرى بولغان ئوغۇل بالىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئاجىز ھەم رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان بىر ئاتىسى بولىدىكەن، ھالبۇكى، خىجىلچان ھەم ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان ئوغۇل بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ نۇرغۇن ھەرىكەتلىرى ئۆز بېشىمچى بولۇپ، ئوغۇل بالا بىلەن كارى بولمايدىكەن.

2. ئوغۇل بالا ئاتىسىنى دورايدۇ

دوراش — ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي پەرق رولىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق يول. ئاتا ئوغۇل بالىنى بىر خىل ئەر جىنسنىڭ ئاساسىي ئەندىزىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئوغۇل بالا كۆزىتىش ۋە دوراش ئارقىلىق ئەر كىشىنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ۋە مەسىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئاتىدىن ئۆگىنىدۇ.

ئاتا - ئانا بىلەن بالىنىڭ ئۆزئارا ھەرىكىتىدە، ئانا بىلەن بالىنىڭ بەدەن ئۇچرىشىشى ۋە تىل ئالماشتۇرۇشى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ئاتىنىڭ بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق بالا بىلەن ئويۇن ئويناش شەكلىدىكى ئالماشتۇرۇشى كۆپ بولىدۇ. توقۇنۇشقا دۇچ كەلگەندە، ئانىلاردا بالىنىڭ رايىغا بېقىش خاھىشى بولىدۇ، ئەمما ئاتىلار بالىنىڭ «قەددىنى كۆتىرىش» گە ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ بالىلار قىيىنچىلىققا ئۇچ-

رىغاندا، ئانىلاردا دەرھال بالىغا ياردەم قىلىش خاھىشى بولىدۇ، ئەمما ئاتىلار كۆپ ھاللاردا بالىغا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىشنى ئەسكەرتىپ، بۇ ئارقىلىق ئىرادە خىسلىتى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېتەرلىك چېنىقىشقا ئىگە قىلىدۇ.

خۇددى سۇن يۇنشياۋ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئومۇمەن، ئاتىلار ئوغۇل بالىلارنىڭ ئەركەكلىك جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئوغۇل بالىلارنىڭ مۇستەقىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەۋەككۇل قىلىش جەھەتتىكى ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئوغۇل بالىلارنىڭ بەدەن قامىتىنى ساغلاملاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ.»

ئەلۋەتتە، ئاتىنىڭ ئوغۇل بالىغا نىسبەتەن «تېخىمۇ مۇھىم» لىقىدىن ئىبارەت بۇ خىل كۆزقاراش، ئانىلارنىڭ ئوغۇل بالىلارنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈش جەريانىدىكى مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بۇ يەردە مەن پەقەت ئاتىنىڭ ئوغۇل بالىلارنىڭ ئەركەكلىك جاسارىتىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئوينايدىغان رولىنى ئانىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئاتىنىڭ ئوغۇل بالىنى ھەقىقىي ئەركەك ۋە مەسئۇلىيەتچان ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى يول باشلىغۇچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى.

3. ئاتا بولغۇچى ئالدى بىلەن پوزىتسىيەسىنى توغرىلىشى كېرەك

لۇ شۈن مۇنداق دېگەن ئىدى: «بالىسىغا ئىچ ئاغرىتمايدىغان ئاتا يوق.» ئاتىلار ياخشى ئاتا بولۇشنى بىر خىل يۈكسەك شان-شەرەپ دەپ تونۇپ، ئەنئەنىۋى جىنسىي پەرقىنىڭ ئۆلۈك تەسىرىنى باتۇرلۇق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، ئەنئەنىۋى بېقىپ تەربىيەلەش پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، بالىنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈشنى ئاتىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىشى كېرەك.

ئوغۇل بالا ئاتىنى ئۈلگە قىلىدۇ. ئاتىنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتى ۋە قول-پۇتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىستىخىيىلىك ھالدا بالىنىڭ دورايدىغان ئوبيېكتىدۇر. ئوغۇل بالىنىڭ ئەر جىنسقا بولغان چۈشەنچىسى، مىجەز-خۇلقى، ئەركەكلىك جاسارىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاتىدىن باشلىنىدۇ.

سۇن يۇنشياۋ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «بىر لاياقەتلىك ئاتىنىڭ يېنىدا تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئوغۇل بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ كاپالىتىدۇر. ئەگەر ئۇدا ھەمراھ بولۇپ يېنىدا تۇرغاندا، ئاتا ئوغۇل بالىنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمانغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ بېرىدۇ، ئۇنى يېتەكلەيدۇ. ئەگەر بۇ قەھرىمان مەۋجۇد بولمىغاندا، ئوغۇل بالىنىڭ خاراكتېرى شەكىللىنىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئوڭايلا روھى (قەلبى) قۇرۇق پېتى بوش قالىدۇ، ئەركەكلىك جاسارىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا كۆلەڭگە پەيدا قىلىدۇ.»

بالا بولمىسا «ئاتا» ۋە «دادا» بولمايدۇ، «ئاتا» ۋە «دادا» دېگەن بۇ نام بىلەن بالىنىڭ يېشى تەڭ، شۇڭا، ئاتىلار شۇنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەككى، بالا تۇغۇلغان بىرىنچى كۈن ياخشى دادىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر.

بىر ياخشى ئاتا بولۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئوغلى تۇغۇلغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى بېقىپ تەربىيەلەشكە كۆپلەپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا چىداشلىق بېرىش كېرەك. ئوغلىنىڭ ھەقىقىي بىر ئەركەك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئاتا بولغۇچى بەلگىلىك قۇربان بېرىشكە رازى بولۇشى، ھەتتا بىر قەدەر زور قۇربانلىقلارنى بېرىشى كېرەك، چۈنكى ئوغلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاتىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇقەددەس ئىشتۇر.

(داۋامى بار)

---

ئاپتور: شىنجاڭ فۇكاڭ شەرقىي جۇڭغارىيە نېفىت بازىسى شەرقىي جۇڭغارىيە نېفىت ئېلىش زاۋۇتى قوغداش بۆلۈمىدە.

**جىددىي بىلدۈرگۈ**

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىر بۆلۈمى تۆۋەندىكى ئادرېسقا يەنى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى شىمالىي 1-كوچا 43-نومۇر (乌市友好北路北1街43号) (ئەسلىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارالىق كۆرگەزمە مەركىزى بىناسى)غا يۆتكەلدى. پوچتا نومۇرى: 830011، تېلېفون: 2856942 (0991)، ۋاقىپلانغايسىزلەر.

ھۆرمەت بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




## مەن ئالمىدىن سورىدىم

سورىدىم مەن قىزىل ئالمىدىن:
كىمنىڭ چوغدەك يۈرىكى سەن؟
جاۋاب بەردى ئالمىمۇ بىردىن،
تېخىمۇ قىزىل سۈكۈتى بىلەن.

ئالما تاتلىقى يوقتۇر كۆنلەردە،
سېغىنغاندا ۋەتىنىمنى مەن.

بىردىنلا يامغۇر ياغدى يات يەردە،
ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى پۈرايمەن نەم.

كۆرۈپ تۇرىدۇ ھەر بىر سۆز مېنى،
بارلىق سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئىگەم.
سورىدى ئالەم: — يۈرىكىم قېنى؟
قۇياش بىز ئۈچۈن سوقارئىكەن.

## ئەرەب يېزىسنى سىزدىم ئۈچ سائەت

تاغ بېشىدا ئاق بۇلۇت،
تاغ تېشىدا ئۈچكەن ئوت.
ئوت قېشىدا ئىككى ئۈچكە،
مەن بىلەن ئايلاندى ئۈچكە.

ئادەم توپىدىن ئايرىدە بولغان،
بۇ يەردىكى توپا ئەرەبمۇ؟
بىر توپ ئۇيغۇر ئاسماننى تۇتقان،
بىز توپىمۇ شامالدا ئۈچقان؟
مەن ئېگىزدە
پەس ھويلىدا —
چىمدەك ئەركىن كىشىلەر،
ئايال مەڭگۇ بىر چىشلەم،
بۇندا بىر ئەر تۆت چىشلەر.
سائەت بىردە ماي يولنى سىزدىم،
ئاق رەڭگە قايتماس ماشىنام تېزدىن،
سائەت ئىككىدە سىزدىم پېشىننى،
ناماز ۋاقتى ئاز قالغان بىزدىن.
ئۈچ سائەت سىزدىم تىمتاس يېزىنى،
مەڭگۇلۇك چۈشمەكتە پەسكە ئېگىزدىن.

بىر گۈل ئاز قاپتۇ چاق ئىزىغا،
سىزدىم ئۇنى قىزىل سۆز بىلەن.
ئوت يالقۇنى كىردى يېزىغا،
سىزىپ چىقتىم قارا كۆز بىلەن.

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۈل تېرىدىم ئىچىڭگە

**— «تارىخىي رەشىدىي»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى ئوقۇپ**

قولۇم كوچىلارغا ئۆرۈلماقتا
خالتا كوچىلاردىن چىقىپ كېتىپ،
كەلدىم بىر جۇملىنىڭ ئاخىرىغا،
پۇتۇم جەسەدلەرگە پۇتلىشىپ
ئېتىم قۇملۇققا قالدى پېتىپ.

بىر ئادەم مىڭ پاتمان غەمگە پېتىپ،
ھەرپلەر ئوردىسىغا كەلدى يېتىپ.
بىر خەلق چېچىلغان تۇن ئاسمىنىغا،
كىم قويسۇن مەڭگۈلۈك يولنى كۆرسىتىپ

.

ئابدۇرەشىدخان،
يېزىلمىغان ئاق بەتتىن چىقىپ،
ئولتۇردى ۋە ئۆلتۇردى شۇ ئان.
ئېقىپ تۇرىدۇ سۈكۈت بىلەن قان،
تېڭىلغان ئاغزىدىن شورلۇق يەرلەرنىڭ ...

— «تارىخىي رەشىد»نى مانا مەن يازغان !،

ۋارقىرار ئەرۋاھى مىرزا ھەيدەرنىڭ،
كوچىلىرىدا قۇملۇق شەھەرنىڭ.

قار كەشمىر تېغىدا،
يار — ئاق يۈزى دەپتەرنىڭ،
ۋاراقلاپ ئېچىپ، نازۇك بىر قاتلاپ
تېگىگە يەتكىلى بولسۇن قانداقمۇ
جان بىلەن يازغان ئىسسىق خەتلەرنىڭ؟

قۇرلىرىڭ ئارا قارىغۇ مەن ئازغان،
قوللىرىڭ مۇخەممەس ئىلاھىم يازغان.

يىرتىق تۇرىدۇ ئالدى كەينى تەڭ،
كەينى كۆپ چېكىت، ئالدى زۇلمەت رەڭ
تارىخ ئىچىدە ئۆرماقتىمەن لەڭ.
دۇنيا چۆل بولدى بىر بەتنى ئاچسام،
چۆل ئىچىدىن مەن يۈگۈرۈپ چىقىپ،
گۈل تېرىدىم ئىچىڭگە ئاخشام.

# قۇدۇق

بىر تۈپ كۆكنار قۇدۇق بويىدا،
بىر توپ ئاتلىق ئاق بۇلۇتلاردا.
تۇنيۇقۇق خاقان توختاتتى ئاتنى،
قۇدۇق ئىچىدە ھۆل، ئاپپاق سەھەر...

ئۇخلىيالماي چۈش كۆرسە ئەگەر،
يۇندا يولى بۇزۇلغان شەھەر
ئۇنىڭ قەدىم كوچىلىرىدىن
ئەپيۇن گۈلىنىڭ پۇرىقى كېلەر...

بىر ئۇيغۇر ئىشچى
بېشىنى تىقىپ
چىقارغۇچە لاي،
يۇندا قۇدۇقىدا
كۆردى ئاي.

مەن بولسام تاڭ ئاتقان شېئىر ئىچىدە،
ئىچمەكتىمەن ئەتىگەنلىك چاي.

## ۋاڭگوكىنىڭ ئايىغى

خۇدا ئىككى پۇت سىزدى،
ۋاڭگوكىنىڭ جۇپ پۇتىنى.
بىر جۇپ ئاياغ سىزدى ۋاڭگوك
مەشھۇر رەسسام ئاتىدۇق.

پۇتى كېتىپ ۋاڭگوكىنىڭ،
قاپتۇ قۇرۇق ئايىغى
بۇ رەسىملىك كىتابتا.

بىر جۇپ ئاياغ شۇ تاپتا،
رەڭسىز قاراپ تۇرماقتا.

چىدىيالماي قاراشقا
بىر جۇپ كونا ئاياغقا،
يۈرەك باغرىم ئېزىلىپ
ئېلىپ ماڭدىم مايلاشقا
رەسىمدىكى ئاياغنى.

موزدوز كۈلۈپ تۇراتتى،
ئاياغلىرى يىغلايتتى،
باشلىغاندا ياماشقا.

بەك ئالدىراپ بەك چاپقان
توختاپ قالغان تېز ئۆتۈك.
تۇمشۇقىنى ئەپقاچقان
نازۇك ئۆتۈك — قىز ئۆتۈك.
مۇنداق دەيدۇ ئاياغلار:
«سىلەر يوق پۇت، بىز ئۆتۈك»
ۋاڭگوكىنىڭ ئايىغىنى مەن،
يەنە قويۇپ قويدۇم رەسىمگە،
بىر پۇت كېلىپ قېلىشتىن بۇرۇن
بىر كىم كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن...
ئايىغى قالدى مەڭگۈلۈك ئاياغ
ۋاڭگوك كەتتى يالىڭاياق
پەرۋەردىگار قېشىغا.

## قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى

ئىسسىق تېرىسىگە
كىردىم تالانىڭ

پاتمىچۇق قارايدۇ
بېشىنى چىقىرىپ
سالقىن كامادىن

ئارىمىزدا تام

كوچا ئوڭغۇل - دوڭغۇل
ماڭسام مايماق
ماڭالماي چوڭقۇر
پاتمىچۇق كۆرۈپ قېلىپ

مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ
تىللىماقتا ناز قىلىپ
سەت تاز ! مايماق تاز!

مىدىرلاپ نەم تىلى
پاتمىچۇق سايرىدى
«ئەسكى ئوغرى، سەت ئوغرى !»
تەنلىرىم يايرىدى

پاتمىچۇق چوكۇلدار
ئاپتاپنى مەدھىيەلەپ
مەن قارغايمەن ئاپتاپنى
شورۇلداپ تەرلەپ

## كەچ كىرگەندە سۆزلەر ئارا مەن

ئالما پىشتى قومۇلۇقتا چۈشتى،
قىزارغان سۆزلەردە كۆردۈم مەن كۈننى .

سۆگەت سايىسىنى ئۇركۇتۇۋەتمەي دەپ،
ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭدىم يولۇمنى.

سۇدا ئېرىدى، تاشتى ئۈيىدى
غىرىبلىق بىلىقتەك تۇتتۇم گۇگۇمنى.

قاراڭغۇ چۈشمەكتە چاچتەك يېيىلىپ،
يالىڭاچ دەريا تېپچەكلەر قۇمنى.

مەن يۇلتۇزلارنىڭ نەزەربەنتىدە،
سەن مەنە دەشتىدە تارتتىڭ زوقۇمنى.

تۇن سۇزۇك تىلىمنى قورشىغان يەردە،
ئاچ قاپىيەدە ئاچتىم ئۆيۈمنى.

ساقلاپ ئولتۇرغان قاتىل كىتابخان
يوشۇرۇش مۇمكىنمۇ سەندىن ئۆزۈمنى؟

سۆزلەر ئارا مەن، نىمجان يارامەن
گاچچىدە ئۇزۇپ قويدۇڭ سۆزۈمنى.

سەن ئىشنى تۈگىتىپ چىقىۋاتقاندا
مەن قارا قاندا يۇمدۇم كۆزۈمنى.

## سۆزنىڭ پوستى يېرىلدى

ئانار كىمگە بېرىلدى؟
ئالدىم كۆزنىڭ قولىدىن.
سۆزنىڭ پوستى يېرىلدى،
پىشقان ئۈيغۇر تىلىدىن.


تۆت پەسىلسىز دەرەخ بىز،
شېرىن بولغاچ مېۋىمىز.
شۇ ئاداققى كۈنگىچە
چەكلىۋەتكەن ئىگىمىز.

چىقار چاغدا جەننەتتىن
ئانار تېنىڭ يېرىلدى،
نېئمەت قىلىپ بېرىلدى
يۇتكەن مەنە تىلىمغا.

مېنىڭ تىلىم باغلانغان
سېھىردىن كەڭ مەنىگە،
مېنىڭ قولۇم باغلانغان
كىرىش ئۈچۈن شېئىردىن
ئىنسانىيەت قەلبىگە.

## گېئومېترىيەلىك نۇقسان ۋە سىممېترىك گۈزەللىك

ئەر سۇزۇلۇپ ياتقاندا
كېچىدىن پۇتى چىقىپ قالدى.
ئايال كۆزىنى ئاچقاندا
چاچ قىسقۇچى كېچىنى قىسىۋالدى.
گېئومېترىيەلىك نۇقسانى ئىككى ئادەمنىڭ
سىممېترىك گۈزەللىكى ئىدى ئالەمنىڭ.



ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

# ماقالە ئالۋىڭى قاچان تۈگەيدۇ

ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى دولقۇن قادىر بىلەن سۆھبەت

ئۈنۋان مەسىلىسى ئوقۇتقۇچى ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. ئېلىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە كەسپىي خادىملار ئۈنۋان ئېلىش ئۈچۈن مەملىكەت دەرىجىلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىشى كېرەك. دېمەك نۇقتىلىق ژۇرناللار ئۈنۋان ئېلىشنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي ئورۇنلار نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىشنى زىيالىيلارنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنى ئۆلچەشنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمى قىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى ۋە باشقا ئەمگەكلىرىنى تولۇق كۆزدە تۇتمىغاچقا، ، بىر قىسىم نۇقتىلىق ژۇرناللار ماقالە ئېلان قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پۇل ئالىدىغان، ماقالە ئېلان قىلىشنى پۇل يىغىۋېلىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىلىم ھاۋاسىنىڭ ساپلىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا نۇقتىلىق ژۇرنال دېگەن زادى نېمە؟ نۆۋەتتە ئېلىمىزدە قانچىلىك نۇقتىلىق ژۇرنال بار؟ نۇقتىلىق ژۇرناللارنىڭ ماقالە ئېلان قىلىش ئۈچۈن پۇل ئېلىش قىلمىشىغا قارىتا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بارمۇ - يوقمۇ؟ چەت ئەللەرنىڭ نۇقتىلىق ژۇرنال ئەھۋاللىرى قانداق؟ نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بىز بۇ ساندا مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە چاستوتىسىنىڭ مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم بىلەن ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى دولقۇن قادىرنىڭ مۇشۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان سۆھبىتىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** دولقۇن، ياخشىمۇسىز. ھەممىزگە مەلۇم، «نۇقتىلىق ژۇرنال» دېگەن بۇ ئىسىمنى بىز ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز، نۇقتىلىق ژۇرنال ئوقۇتقۇچىلار ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ ماقالە ئېلان قىلىپ ئۈنۋان ئېلىشىدىكى بىر مۇھىم ئۆتكەل. مېنىڭچە، نۇقتىلىق ژۇرناللار ۋە

## يۈزمۇيۈز

ئوقۇتقۇچى ، كەسپىي خادىملارنىڭ نۇقتىلىق ژۇرناللارغا ھەقلىق ماقالە يېزىپ ئۈنۋان ئېلىشى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، نۇقتىلىق ژۇرنالنىڭ زادى قانداق ئۇقۇم ئىكەنلىكى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش تولىمۇ زۆرۈر دەپ ئويلايمەن.

**دولقۇن قادىر:** «نۇقتىلىق ژۇرنال» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تۇنجى بولۇپ ياۋروپالىق ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان. 1931-يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىملار مەلۇم ۋاقىتتا مەلۇم پەن بويىچە ئېلان قىلىنغان مۇھىم ماقالىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈچتىن بىر قىسىم ژۇرنالغا مەركەزلىشىپ قالىدىغانلىقىنى بايقىغان. 1967-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ،مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ھەرقايسى ئىلىم ساھەسىدە ئېلان قىلىنغان 75 پىرسەنت ماقالە 10 پىرسەنت ئاساسلىق ژۇرنالغا مەركەزلىشىپ قالىدىكەن. تەتقىقاتچىلار مۇشۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، «نۇقتىلىق ژۇرنال» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇندىن كېيىن، ئىلىم ساھەسىدىكى بەزىبىر نوپۇزلۇق ئورگانلار بۇ ژۇرناللارنى قەرەللىك باھالاپ چىقىپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنغان. دېمەك، ئەسلىي كېلىپ چىقىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا نوپۇزلۇق ژۇرنال ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان بىر ياخشى ۋاستە ھەم ئاۋامنىڭ، مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلىدىغان ئاكتىپ مەنىدىكى بىر ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە، خەلقئارادا مۇنداق بىر نەچچە خىل نۇقتىلىق ژۇرنال سىستېمىسى كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. تەبىئىي پەن ساھەسىدە (Science Citation Index)SCI، (The Engineering Index)EI، (Index to Scientific &Technical Proceedings)ISTPدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىلىق ژۇرنال سىستېمىسى بار، (Social Sciences Citation Index) SSCI بولسا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى خەلقئارالىق نۇقتىلىق ژۇرنال سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە بولسا نۇقتىلىق ژۇرنال دېگەن بۇ ئۇقۇم 1973-يىلدىن باشلاپ چەت ئەلدىن كىرىشكە باشلىغان، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلاپ ھەرقايسى ساھەلەردە «نۇقتىلىق ژۇرنال» ئۇقۇمى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، كەسپلەر بويىچە ئۇنۋان باھالاشتىكى مۇھىم ئۆلچەم قىلىنغان، نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە يەتتە چوڭ نۇقتىلىق ژۇرنال باھالاپ بېكىتىش سىستېمىسى بار. بۇلار ئاساسەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۇتۇپخانىسى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ئورۇنلار ژۇرناللارنى قەرەللىك باھالاپ چىقىپ، مۇندەرىجە تۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، «نۇقتىلىق ژۇرنال» ئۇقۇمى ئەسلىي مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئىلمىي نوپۇزىنى رىقابەتكە سېلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئىش دېيىشكە بولىدۇ. خەلقئارالىق نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر ئۆز ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەۋر بۆلگۈچ زور ئىلمىي نەتىجىلەرمۇ خەلقئارالىق نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدىمۇ نۇرغۇن نۇقتىلىق ئىلمىي ژۇرناللار سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ ئۆزىنىڭ نوپۇزلۇق ئورنىنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھالدا ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** نۇقتىلىق ژۇرنالنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئوينايدىغان رولى توغرىسىدا ئاز تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. ئۇنداقتا ھازىر ئېلىمىزدە نۇقتىلىق ژۇرناللارغا ماقالە يازىدىغانلارنىڭ سانىنى، قانچىلىك نۇقتىلىق ژۇرنال بارلىقىنى تەخمىنىي ھېسابلاپ چىققىلى بولامدۇ؟

**دولقۇن قادىر:** ھازىر مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان دوكتور ئاسپىرانت، ماگىستىر ئاسپىرانتلارنىڭ سانى بىر مىليون 300 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنۋان ئالىدىغان ئوقۇتقۇچى، دوختۇر ۋە باشقا ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان كەسپىي خادىملار نەچچە مىليونغا يېتىدىكەن. دېمەك بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىشى كېرەك. ئەمما مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ژۇرنال دەپ بېكىتىلگەن ژۇرنال سانى بىلىشىمچە 6000 دىن ئاشمايدۇ. دېمەك، نەچچە مىليون ئادەم 6000 دىن ئاشمايدىغان مۇشۇ ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلىشى كېرەك.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** ئاڭلىساق، ھازىر نۇقتىلىق ژۇرناللارغا ماقالە ئېلان قىلىش ئۈچۈن ھەق ئالىدىغان ئەھۋاللار باركەن، دۆلەتنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە چىقارغان بەلگىلىمىسى بارمۇ قانداق؟

**دولقۇن قادىر:** ھەق ئالىدىغان ئەھۋاللار بار، ئىگىلىشىمچە، ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پۇل ئېلىپ ماقالە ئېلان قىلىدىغان نۇرغۇن ژۇرناللار بار. مەسىلەن، ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق ژۇرنال بولسا بىر بەتكە 600 يۈەندىن 900 يۈەنگىچە پۇل ئالىدىكەن، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ژۇرنال بولسا بىر بەتكە 900 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە بەت ھەققى ئالىدىكەن، ئەگەر ھەقىقىي ئىلمىي ساھەدىكى نۇقتىلىق ژۇرنال بولسا 6000 خەتكە 5000 يۈەندىن 18 مىڭ يۈەنگىچە ھەق ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ 300 يۈەندىن 400 يۈەنگىچە پۇل ئېلىپ ماقالە ئېلان قىلىدىغان ئەھۋاللار بار ئىكەن.

ھازىر دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلىرى-

مۇ بۇ مەسىلىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ماقالە ئېلان قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق نامۇۋاپىق مەسىلىلەرنى توسۇش ھەققىدە بىر نەچچە قېتىم بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، 2009 ـ يىلى دۆلەتلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسى ئاخبارات ژۇرنال مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ زىچىڭ ئەپەندى ئېنىق قىلىپ: «ھازىرقى نۇقتىلىق ژۇرنال باھالاش ئىشى ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل نۇقتىلىق ژۇرنال باھالاش ھەرىكىتىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىسى يوق،» دېدى. ھەممىمىزگە ئايان، «نۇر گېزىتى» ئېلىمىزنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق گېزىتلەرنىڭ بىرى، «نۇر گېزىتى»نىڭ 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى سانىدا مەخسۇس پۈتۈن بىر بەت ماقالە ئېلان قىلىنىپ، نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش ئۈچۈن پۇل ئېلىش مەسىلىسى تەنقىد قىلىنغان. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى مۇنداق: «يادرولۇق ژۇرنال ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك».

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: ئەگەر ئالىي مەكتەپلەر ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئوقۇتقۇچى،كەسپىي خادىملارنىڭ نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىشنى كەسپىي نەتىجىسىنى ئۆلچەشنىڭ مۇتلەق، بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىۋالسا يەنە قانداق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن؟

دولقۇن قادىر: ھازىر نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۇنىۋان ئالىدىغان زىيالىيلارنىڭ زىممىسىدىكى بىر يۈك بولۇپ قالدى، دېيىشكە بولىدۇ. نۇرغۇن زىيالىيلار نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ، تەھرىرلەرگە يالۋۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېزىشقا قۇربى يەتمىسە باشقىلارغا يازدۇرۇپ يۈرۈۋاتقان ئەھۋاللار ئەتراپىمىزدا ئاز ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلدۇرالىسا كەسپىي نەتىجىسى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى ئۆلچىنىدۇ. نۇقتىلىق ژۇرناللار ئۇنىۋان ئېلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆتكىلى ھېسابلىنىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي ئورۇنلارمۇ نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىشنى ئۆلۈك ھالدا ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلارنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنى ئۆلچەشنىڭ نوقۇل ئۆلچىمى قىلىپ قويىماقتا. ھازىر بىر قىسىم جايلاردا بۇنى بىر مەمۇرىي بۇيرۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بىر قەدەر ئېغىر، بۇنى بىر نامۇۋاپىق ھادىسە دېيىشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىۋان ئالىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى، ژۇرناللار مونوپوللۇق ئورنىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدە ماقالە ئېلان قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ساختا، بيۇروكراتلىق، چىرىكلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ ئىلىم دۇنياسىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: بىر قىسىم زىيالىيلار ئۇنىۋان ئېلىش ئۈچۈن ساختا ماقالىلەرنى يېزىپ نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، نۇقتىلىق ژۇرناللارنىڭ ئىلمىي سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ژۇرنال تەھرىراتى ماقالىنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن پۇل بىلەن ھېسابلىشىپ، بەزى تۆۋەن سەۋىيەدىكى ماقالىلەرگە «يېشىل» چىراغ يېقىپ بەرمەكتە. بەزى زىيالىيلار ئۇنىۋان ئېلىش ئۈچۈن كەڭ مەنىدىن ئىنسانىيەت، جەمئىيەت ، تار مەنىدىن ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھمىيەتلىك تەتقىقات تۈرلىرىنى ئەمەس، تۈزۈك پايدىسى بولمىغان تەتقىقات تۈرلىرى ئۈچۈن پۇل خەجلەپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ماقالە يېزىپ يۈرمەكتە. «نۇقتىلىق ژۇرنال» دا ماقالە ئېلان قىلدۇرۇش ئالۋىڭى كەلتۈرۈپ چىقارغان بېسىم تۈپەيلىدىن يېزىلغان زورلانما ماقالىلەر، باشقىلارغا پۇل خەجلەپ يازدۇرغان تۇغۇندى ماقالىلەر مەتبۇئات ساھەسىنى پاخال قىلماقتا. نۆۋەتتە، مانا مۇشۇنداق بىنورمال ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن جەمئىيەتتە زىيالىيغا، پروفېسسورغا ئىشەنمەيدىغان كۆز قاراشلار پەيدا بولدى، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ سەۋەبى مۇرەككەپ، بۇنىڭ يىلتىزى نۇرغۇن ئىشلارغا بېرىپ چېتىلىدۇ،لېكىن سەۋەبىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ زىيالىيلار توپىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىگە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى زىيالىي دېمەك بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى يولباشچىسى، ناۋادا زىيالىيغا نىسبەتەن ئىشەنچ كىرىزىسى يۈز بەرسە بۇنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان يامان تەسىرى 100 يىللاپ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق يىللار تۈگىمەسلىكى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ يۇقىرى سەۋىيەدە چىقىۋاتقان ژۇرناللارمۇ يوق ئەمەس، بۇلارمۇ خېلى بار. لېكىن پۇلغا، مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ماقالە ئېلان قىلىدىغان نۇقتىلىق ژۇرناللارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولغانلىقتىن بۇ پۈتكۈل ژۇرنالچىلىق ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىغا يامان تەسىر

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ياخشى ژۇرنالنى بەرپا قىلىشقا ئۇزاق ۋاقىت تىرىشچانلىق كېتىدۇ. ئەمما بىر ياخشى ژۇرنالنىڭ ئىناۋىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتلىق بىر ئىش.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** يۇقىرىدا سىز دۆلەتلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسى ئالاقىدار مەسئۇلىنىڭ نۇقتىلىق ژۇرناللارنى باھالاش ئىشىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېنىق تەكىتلىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتىڭىز، «نۇر گېزىتى»دە نۇقتىلىق ژۇرناللارنىڭ ماقالە ئېلان قىلىش ئۈچۈن پۇل ئېلىش مەسىلىسىنى تەنقىد قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتىڭىز، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نۇقتىلىق ژۇرناللارنى باھالاش ۋە نۇقتىلىق ژۇرناللارنىڭ ماقالە ئېلان قىلىش ئۈچۈن پۇل ئېلىش مەسىلىسىنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىكى نېگىزلىك سەۋەب زادى نېمە؟

**دولقۇن قادىر:** مېنىڭچە، مۇنداق ئىككى نېگىزلىك سەۋەب بار: بىرىنچى، نۆۋەتتىكى ئۇنۋان، ئىلمىي نەتىجە باھالاش سىستېمىسىدىكى قاتماللىق. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مائارىپ سىستېمىسىدا ئىلمىي ماقالىنىڭ سانىغا قاراپ ئۇنۋان ۋە ئىلمىي نەتىجە باھالايدىغان ئۇسۇل مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتى. دەسلەپتە بۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى باھالاشتىن باشلاندى، كېيىن دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانتلىرىنى باھالاشقا كېڭەيدى، ئاخىرىدا پۈتۈن كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاشقىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە ئۇنۋان باھالاشتا سۈپەت قوغلاشماي سان قوغلىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىككىنچى، كەسپىي ئورۇنلار ئىسلاھاتىغا ئاساسەن نۇرغۇن ژۇرناللارغا يىللىق كىرىم ۋەزىپىسى قويۇلدى. پىلان ئىگىلىكى دەۋرىدە ژۇرناللارنىڭ كىرىمى دۆلەتتىن بىر تۇتاش ھەل قىلىناتتى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە بۇنداق ئورۇنلارغا دۆلەتتىن ئاجرىتىلىدىغان مەخسۇس خىراجەتتىن باشقا، ئۆزىمۇ مەلۇم كىرىم قىلىش تەلەپ قويۇلدى، ھەم شۇ خىل يول ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھالدا ماقالىغا پۇل ئېلىش تەلەپ قويۇلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بەزى باشقۇرغۇچى ئورۇنلار بۇ خىل ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن تەدبىر قوللانمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرناللار ئۆز مەيلىچە ژۇرنال بەت سانلىرىنى كۆپەيتىپ، يەنە يىل ئاخىرىدا «قوشۇمچە سان» دېگەندەك ناملار بىلەن كۆلەملىك پۇل يىغىشقا باشلىدى.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** ئەگەر بىر ژۇرنال «نۇقتىلىق ژۇرنال» دېگەن نامغا ئېرىشسە، شۇ ژۇرنالنىڭ ئىناۋىتى ئۆسۈپ، ئىقتىسادىي كىرىمى ئاشىدىكەندە؟

**دولقۇن قادىر:** شۇنداق، بىر ژۇرنال نۇقتىلىق ژۇرنال تىزىملىكىگە كىرىشى بىلەنلا ئۆزلىرىگە ھەرقايسى جەھەتتىن پايدىسى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ھەر قېتىملىق نۇقتىلىق ژۇرنال باھالاش ئىشلىرى باشلانغان مەزگىلدە ھەرقايسى ژۇرناللار، ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ،بۇنداق چاغدا باھالاش ھەيئىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەر خىل «مۇناسىۋەت»لەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىسا چوڭ مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغان ماقالىڭىز تەلەپكە ئۇيغۇن بولسىمۇ ئىلمىي ژۇناللاردىكى تەھرىرلەر بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز ياخشى بولمىسا ئىشلىرىڭىز ئانچە ئوڭغا تارتىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدىغان ئادەم ياكى پۇل خەجلىشى كېرەك ياكى مۇناسىۋەت تېپىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ ئايرىم ئەھۋال، ماقالە ياخشى بولسا مۇھەررىرلەر چوقۇم ئىشلىتىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا، تۆۋەن سەۋىيەدىكى ماقالە سانىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن ماقالە ئاپتورىمۇ مەلۇم ئەگرى يول ئارقىلىق ماقالىسىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. مۇھەررىر بولغۇچىمۇ ئالاھىدە بىر ئىمتىيازلىق كىشىگە ئايلىنىدۇ.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** بىلىشىمىزچە، چەت ئەللەردىمۇ نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش تەلەپ قويۇلىدىكەن. چەت ئەللەردىمۇ نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلسا ھەق تاپشۇرىدىغان ئىشلار بارمۇ يوقمۇ؟ ماقالىنىڭ سۈپىتىگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ يەنە قانداق تەلەپلىرى بار؟

**دولقۇن قادىر:** مېنىڭ بىلىشىمچە، چەت ئەلدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇتقۇچىلارغا ماقالە ئېلان قىلىش تەلەپ بار. ئەمما بۇ دۆلىتىمىزنىڭكىدەك ھەرگىز بىر ئۆلۈك مەجبۇرىي بۇيرۇققا ئايلىنىپ قالمىغان. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار نەچچە يىلدا بىرەر پارچە ماقالە ئېلان قىلسىمۇ بولىدۇ ،ھەم ژۇرناللارنىڭ كەيپىياتىمۇ نىسبەتەن ساغلام بولغاچقا ئىلمىي ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلماقمۇ ئىنتايىن قىيىن، يەنى ماقالىنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ ئالاھىدە يۇقىرى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شىۋېتسىيەدە تۇرۇۋاتقان ياش ئالىم ئەسئەت سۇلايمان بېيجىڭدىن ئۆتكەندە ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى

سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئەسئەت سۇلايمان ياۋروپادا تۈركلوگىيەگە ئائىت بىر ژۇرنالدا بىر ماقالە ئېلان قىلماقچى بوپتۇ ۋە ماقالىنى ژۇرنالغا ئەۋەتىپتۇ. كېيىن بۇ ژۇرنالدىن خەۋەر كېلىپ، ماقالىسىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ماقالىنى ئەسئەت سۇلايمانغا 20 نەچچە قېتىم قايتۇرۇپ ئوڭشاتقۇزۇپتۇ. بۇنىڭدىن چەت ئەلدىكى ئىلىم مۇھىتىنىڭ نەقەدەر ساپ ئىكەنلىكىنى، ماقالىغا بولغان تەلەپنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: ئېلىمىزنىڭ نۇقتىلىق ژۇرناللىرىدا ماقالە ئېلان قىلىش تەلىپىنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇن ماقالىلەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ، بىز بۇ ماقالە ئەسەرلەرگە خەلقئارالىق نۇقتىدىن قانداق قارىشىمىز كېرەك؟ هازىر ساقلىنىۋاتقان نۇقتىلىق ژۇرناللارنى باھالاش، ماقالە ئېلان قىلىش ئۈچۈن پۇل ئېلىش، ئۇنۋان باھالاشتا ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلارنىڭ ئېلان قىلغان ماقالىسىنى مۇتلەق ئۆلچەم قىلىۋېلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

دولقۇن قادىر: هازىر دۆلىتىمىز ماقالە سانى جەھەتتە چوڭ بىر دۆلەتكە ئايلاندى، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ماقالە ئومۇمىي سانى جەھەتتە دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەنتىم، هازىر بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن،لېكىن بۇ ماقالىلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن. هازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، دۆلەتنىڭ مائارىپقا ئاجراتقان خىراجىتىمۇ يۇقىرى، نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەردە پۇل كەم ئەمەس. ئالىي مەكتەپلەردە ئېسىل بىنالار بەس-بەس بىلەن سېلىنىۋاتىدۇ، زور سومملىق تەتقىقات تۈرلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتىدۇ، ئائىلىلەر پۈتۈن كۈچى،پۈتۈن ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ بالىلىرىنى ئوقۇتىۋاتىدۇ،دېمەك سىرتقى جەھەتتىن قارىغاندا دۆلىتىمىز مائارىپقا، بىلىمگە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان دۆلەتتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كارخانىلاردا يادرولۇق تېخنىكا چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزدىن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە تۈزۈك ئالىملار چىقمايىۋاتىدۇ، ئالىملىرىمىز نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەيىۋاتىدۇ، شۇڭا، بۈگۈن سۆزلىنىۋاتقان بۇ ماقالە مەسىلىسى، دۆلىتىمىزنىڭ زىيادە سان قوغلىشىش ئەندىزىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمەن.

مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپ، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تۈزۈلمە مەسىلىسىنى ياخشىلاش ھەققىدە ئويلىنىش كېرەك، يەنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ نەتىجىسىنى تاللاشتا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى بەكرەك كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ماقالە ئېلان قىلىشنى ئەلۋەتتە بىر تاللاش تۈرى قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. نۇقتىلىق ژۇرنال دېگەن ئەسلىدە ياخشى بىر ئۇقۇم، شۇڭا نۇقتىلىق ژۇرناللارنىڭ ئوبرازىنى ھەممەيلەن قوغدىشىمىز كېرەك، نۇقتىلىق ژۇرنال ھەرگىز بىر قىسىم ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت گۇرۇھىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاڭلىسام، ئۇنۋان باھالىغاندا قايسى تىلدا ماقالە ئېلان قىلغانلىقىغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ باركەن، بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلسا ئاز نومۇر ھېسابلايدىغان، خەنزۇچە ماقالە ئېلان قىلسا كۆپ نومۇر ھېسابلايدىغان ئەھۋاللارنىمۇ ئاڭلىدۇق، بۇمۇ مېنىڭچە نامۇۋاپىق ئەھۋال، ئىلمىي تەتقىقاتنى ھەرقانداق تىلدا ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بەزى تىللار ئىلمىي تەتقىقات تىلى يەنە بەزى تىللار ئىلمىي تەتقىقات تىلى ئەمەس، دەيدىغان گەپ يوق. يەنە بىرسى زىيالىيلار مۇشۇ مەسىلىدە يولباشچىلىق بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، توغرا، ساغلام بولغان ئىلمىي ئاتموسفېرانى ياراتسا دەيمەن، زىيالىي دېگەن ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن تۇرغۇچىلار بولۇشى كېرەك، كىچىككىنە بىر مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا شامالغا ئەگىشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئاخىرىدا دەيدىغىنىم دېھقان يەر تېرىيدۇ، چارۋىچى مال باقىدۇ، زىيالىي ماقالە يازىدۇ، ماقالە زىيالىينىڭ مەھسۇلاتى. شۇڭا، ئۆزىمىز ئۆمرىمىزنى ئىلىمگە ئاتىغان ئىكەنمىز، ياراتقان مۇشۇ مەھسۇلاتقا ئۆزىمىز جاۋابكار بولالمىساق، ئۆزىمىزگە يۈز كېلەلمەسەك، پۈتۈن بىر ئۆمرىمىزگە يۈز كېلەلمەيمىز، دەپ قارايمەن.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: دولقۇن، يۇقىرىدا سىز بىلەن ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلارنىڭ ئۇنۋان ئېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇقتىلىق ژۇرنال مەسىلىسى ۋە بۇ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا سۆھبەتلەشتۇق. زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. بۇنىدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك تېمىلاردا داۋاملىق سۆھبەتلىشىپ تۇرۇشقا تىلەكداشمەن.




www.uyghurkitap.com

# ئىسراپچىلىقمۇ تۆھپە ھېسابلىنامدۇ

بۇنىڭدىن 60 يىل بۇرۇنقى، يەنى 1952 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدە قانات يايدۇرۇلغان بىر مەيدان تەسىرى كۈچلۈك، داغدۇغىلىق «ئۈچكە قارشى ھەرىكەت»، ھازىر 60 ـــ 70 لەرگە كىرگەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن. ئاتالمىش «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ئەينى چاغدىكى كىچىك قىزچاقلار رېزىنكە ئاتلاش ئويۇنى ئوينىغاندا ئېيتىدىغان باللار ناخشىسىنىڭ «خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرايلى، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرايلى، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرايلى» دېگەن مىسرالىرىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئەينى چاغدا 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قىرانلىق مەزگىلىم ئىدى، ھازىر قىرىپ ھالىمدىن كەتتىم: 60 يىللىق ئۆمرۈم بىر كۈن، بىر كۈندىن ئۆتۈپ كەتتى، ھازىرغا قاراپ ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە چوڭقۇر ئويغا پاتىمەن، بۇ «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» نىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىش ئەكەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىمەن. 60 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت، ئەگرى تۇقايلىقلارنى بېسىپ، ئۈزۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق پارىخورلار ۋە بيۇروكراتلارنى چۆچىتىدىغان دۆلەت قانۇنى تۈزۈپ چىقىلدى. گەرچە پارىخورلۇق ۋە بيۇروكراتلىق (ھازىر چىرىكلىشىش قوشۇلدى) بۈگۈنگە قەدەر ھەممە يەرگە يامراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما نېمىلا دېگەن بىلەن «تايىنىدىغان قانۇن بار». مەسىلە پەقەت قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىقتا. كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، دۆلەت قۇرۇلغاندىن باشلاپلا شۇنداق ئەھمىيەت بېرىۋاتىسمۇ. «ئۈچ چوڭ زىيانداش» نىڭ بىرى دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش ئەزەلدىن توختاپ قالمىغان بولسىمۇ، ھېچقانداق بىر كىشى ئۇنى، ئەقىلگە مۇۋاپىق، قانۇنلۇق ئىش دەپ قارىمىسىمۇ، ئىسراپچىلىقنىڭ «بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ» چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى ۋە كىشىلەرنى ئامالسىز قالدۇرۇۋاتقانلىقىدۇر. ئۆز قىلمىشلىرىم ئۈستىدە ئويلانغىنىمدا، ھەر خىل شەكىلدىكى نۇرغۇن ئىسراپچىلىقنىڭ بارلىقىنى بايقايمەن. ئەتراپىمغا نەزەر سالغىنىمدا، نۇرغۇن ئىدارە، ئورۇنلار، خىزمەتلەر، قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىدە ئىسراپچىلىق ھەر ۋاقىت ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، پەرق پەقەت ئىسراپ قىلىش دەرىجىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدىلا ئىكەن.

تۇرمۇشىمىزدا سۇ، توك، گاز، ماي، تۇز، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشتىمۇ نۇرغۇن ئىسراپچىلىقلار

تەرجىمە كۆزنىكى

مەۋجۇت بولۇپ، ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئانچە ھەيران قالمايمىز. بىر كىشى، بىر ئائىلە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇلار تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، ئەمما بارلىق كىشىلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، نەتىجىسى كىشىنى چۆچۈتمەي قالمايدۇ.

ئەينى يىلى شائىخەيلىك بىر داستانچىنىڭ «بىر دانە گۈرۈچنىڭ ھېكايىسى»نى ئىنتايىن جانلىق، تەسىرلىك ئېيتىپ بەرگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىراق، بۇ ھېكايىنىڭ ئۈنۈمىمۇ يەنىلا نۆل بولدى. بەزى ئىسراپچىلىقلار ئاللىقاچان ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىمىزدا ھەمىشە دەسلەپ كۈچلۈك ئىرادە تىكلەپ، ئاخىر ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ كېتىمىز. مەسىلەن، ھاراق ـ تاماكا، چاي، تاتلىق ـ تۈرۈملەر، ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئوراپ ـ قاچىلانغاچقا سۈپەتسىز تاۋارلارنىڭمۇ باھاسى ناھايىتى قىممەتلىشىپ كەتكەن ھەمدە ئاللىقاچان تەنقىد ئاڭلاشتىن قورقمايدىغان، تەنقىدمۇ قورقۇتالمايدىغان، قورقۇپ تەنقىد قىلالمايدىغان، تەنقىدلەنگەنسېرى داڭقى چىقىپ بازار تاپىدىغان، «پېشقەدەم تەنھەردەكەتچىلەر» دەك ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا، ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن.

ھۆكۈمەت پۇلىغا چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىش، ساياھەت قىلىش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراقلاردا كاتتا زىياپەت بېرىش، يىغىن ئېچىپ سوۋغات تەقدىم قىلىش، قىزىل بولاق شۇڭغۇتۇش قاتارلىقلار ھەر ۋاقىت قىزىل باشلىق ھۆججەتلەر، خەلقنىڭ پىكرى ئارقىلىق ئەيىبلىنىپ، تەنقىدلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما، ئەھۋالدا قىلچە ياخشىلىنىش بولمايۋاتىدۇ. يەنە نۇرغۇن يوشۇرۇن شەكىللىك ئىسراپچىلىقلار مەۋجۇت بولماقتا. مەسىلەن، كىملەر ئىجاد قىلىدىكىن، ھەر يىلى مەلۇم رەڭلىك، مەلۇم خىل پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەكلەر مودا بولۇپ، خانىم قىزلارنى جەلب قىلىدۇ. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مەلۇم سېرىق رەڭلىك ئايالچە خۇرۇم پەلتۇ مودا بولغان بولۇپ، كەم دېگەندىمۇ 10 يىل كەيگىلى بولاتتى. بىراق ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا مودىدىن پۈتۈنلەي قالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل نامالاردىكى نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنىڭ ئۆچۈرۈشى، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، يىللىق، پەسىللىك يىغىلىشلار، تەبرىكلەش يىغىنلىرى ئەسلىدىلا ئارتۇقچە ئىش بولۇشقا قارىماي، چوڭراق يىغىلىشلاردا يەنە كەچلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، داڭلىق ئارتىسلارنى تەكلىپ قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناش، ھەر خىل ماھارەتلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ. تېلېۋىزىيەدىكى ئىسراپچىلىقمۇ ناھايىتى ئېغىر. پەقەت بىر كېچىدىلا نام چىقىرىشقا ئىلھام بېرىدىغان ھەر خىل تاللاش پائالىيەتلىرىگىلا قارايدىغان بولساق، ئۇلار شۇنچە كۆپ پۇل، ۋاقىت، ماددىي بايلىق ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى سەرپ قىلىپ زادى قانچىلىك ئەمەلىي ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت قىممىتى يارىتالىدى.

ئەڭ قورقۇنچلۇقى قايتا ھاسىل بولمايدىغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ كان بايلىقلىرىنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئىسراپ قىلىنىپ خوراپ كېتىشى، كىشىلەر نېفىتنىڭ كۈنسېرى خوراپ تۈگەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ماشىنىلارنى ھەسسىلەپ ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالماقتا. ئىلگىرى مەن ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنى زىيارەت قىلغىنىمدا ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى يەر شارىدىكى نېفىتنىڭ بىر قانچە يىلغا بارا ـ بارمايلا ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ تۈگىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى بولدى. ھازىر بىزمۇ بۇ نېفىت ئىشلىتىش قوشۇنىغا قىستالدۇق ۋە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۇق. نېفىت تەبىئەتنىڭ نەچچە مىليون يىللاردىن بۇيان جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئېچىتقان ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك «ماۋتەي» سى بولۇپ، 20 ـ ۋە 21 ـ ئەسىردىكى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ تۈگەش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى. ماشىنىلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان پولات ـ تۆمۈرمۇ قايتا ھاسىل بولمايدىغان بايلىق. بىراق، ماشىنىسازلىق زاۋۇتلىرى ماشىنىلارنى «مودا كىيىم» قاتارىدا كۆرۈپ، ھەر يىلى ھەر خىل تىپتىكى مودا ماشىنىلارنى ياساپ بازارغا سالماقتا، نەتىجىدە مودىدىن قالغان ماشىنىلار ئەسكى ئاياغتەك ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلانماقتا.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەر شارىدىكى نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارى نەچچە ئون يىل ئىشلىتىشكىلا يېتىدىكەن. گەرچە كۆمۈر ۋە تۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ زاپاس مىقدارى بىر

قەدەر مول بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ھامان بىر كۈنى ئىشلىتىلىپ تۈگەيدۇ. نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىن ئىنسانلار ھېچقانداق كان بايلىقلىرى، ھەتتا بىرەر تامچە نېفىتمۇ بولمىغان يەر شارىدا ياشايدۇ. ئۇنداقتا كېيىنكى ئەۋلادلارغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمىز، قانداق يۈز كېلىمىز.

دۆلىتىمىز قەدىمدىن بۇيان بۇزۇپ-چېچىشقا، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگودىكى ئىسراپچىلىق ھادىسىلىرىگىمۇ ئەزەلدىن ئىجابىي باھا بېرىلمىگەن، بىراق ھازىر ئىسراپچىلىق يەنىلا «گۈللەپ ياشناش»، «زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلىش» ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبلىرى، بىرى ئىسراپچىلىققا قارشى ئەخلاقىي تەنقىد كۈچى يېتەرسىز بولۇش، يەنە بىر ئەڭ مۇھىم سەۋەبى قانۇن ـ تۈزۈم يوق بولۇش. خىيانەتچىلىك جىنايەت، بيۇروكراتلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىكلەرمۇ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلاردۇر. ئەمما ئىسراپچىلىق پەقەت خاتالىق ياكى كەمچىلىك بولۇپ، ھەتتا بىرەر قېتىملىق كۈلكە ـ چاقچاق بىلەنلا تۈگەيدۇ ياكى ھېچقانچە ئىش ھېسابلانمايدۇ، قاراپ بېقىڭ ئىسراپچىلىق سەۋەبى بىلەن تۈرمىگە كىرگەن ياكى جەرىمانە تۆلىگەنلەردىن قانچىسى بار؟

ئىقتىسادشۇناسلىقتىن قىلچە خەۋىرىم يوق، ئەمما مەن ئىقتىسادشۇناسلىقتا ھامان بىر خىل سەپسەتە يوشۇرۇنغاندەكلا ھېس قىلىمەن. مەسىلەن، بىر كىچىك شەھەردىكى ئىشخانا بىنالىرىنىڭ ئاق سارايدەك ھەشەمەتلىك سېلىنىشى، بىر ئەمەلدارنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراقلاردا ھەشەم ـ دەرەم بىلەن زىياپەت بېرىشى، مودا بولغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ نەچچە تۈمەن قۇر سېتىلغانلىقى، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە بىر قېتىمدا نەچچە مىليون يۈەن خەجلەنگەنلىكى، بەزى قۇرۇلۇشلارنىڭ سېلىنىپ بىر نەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا چېقىلىپ يېڭىلانغانلىقىنى ئىسراپچىلىق جىنايىتى ھېسابلىماستىن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە ئىستېمال قىلىنىشىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP)گە كىرگۈزۈلىشى كېرەكمۇ؟

ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) مۇنچىلىك ئاشتى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. ئاشقان GDP قىممىتى ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتىنى نامايان قىلىدىغان مىقدارلاشتۇرۇلغان بەلگە. ئۇنداقتا ئىسراپچىلىقمۇ GDP نىڭ ئېشىشىغا كۈچ چىقىرىدىغان تۆھپىكارغا ئايلاندىمۇ؟ ئىقتىسادشۇناسلاردىن ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

نېمىلا بولمىسۇن ئىسراپچىلىق دۆلەتكە، خەلققە زىيان يەتكۈزىدىغان ھادىسە، شۇڭا ئۇنى چوقۇم تىزگىنلەش، قارشى تۇرۇش ۋە يوقىتىش لازىم.

1952 ـ يىلدىكى رېزىنكە ئاتلاپ ئوينىغان كىچىك قىزچاقلار ھازىر 70 تىن ھالقىپ نەۋرىلىك بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇ نەۋرە قىزچاقلارمۇ يەنىلا « ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرايلى، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرايلى، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرايلى» دەپ ناخشا تۇۋلاۋاتقان بولسا، بىزنى خىجىللىقتا قالدۇرماسمۇ؟ ئويلاپ باقايلى. بۇ كىچىك قىزچاقلارنىڭ 50 — 60 يىللاردىن كېيىنكى نەۋرىلىرى ئاشۇ ناخشىلارنى داۋاملىق ئېيتارمۇ؟

ليۇ فۇ شېڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار گېزىتى» 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىدىن **ئەمەتجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى.

# بىلگۈمىز بار، بىلگۈمىز يوق؟

**ياڭ سوڭ**

قانداق ماشىنا ھەيدەۋاتقىنىڭىزنى بىلگۈمىز يوق،
پەقەت ماشىنىڭىزدا قانچىلىك يولۇچىنى توشۇغانلىقىڭىزنى بىلگۈمىز بار.

ئۆيىڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلگۈمىز يوق،
پەقەت سىزنىڭ قانچىلىك يولۇچىنى ياتاق بىلەن تەمىنلىيەلىگىنىڭىزنى بىلگۈمىز بار.

كىيىمىڭىزنىڭ قانچىلىك مودا ئىكەنلىكىنى بىلگۈمىز يوق، پەقەت سىزنىڭ قانچىلىك نامراتلارغا ئىللىقلىق ئاتا قىلالىغانلىقىڭىزنى بىلگۈمىز بار.

سىزنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ قانچىلىك ھەشە-

مەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگۈمىز يوق، پەقەت ئاچارچىلىقتا
قالغان قانچىلىغان كىشىلەرنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىيەلە-
گەنلىكىمىزنى بىلگۈمىز بار.

سىزنىڭ قانچىلىك دوستىمىز بارلىقىنى بىلگۈمىز يوق،
بىراق قانچىلىك ئادەمنىڭ سىزنى دوست دەپ قارايدىغانلى-
قىنى بىلگۈمىز بار.

قابىلىيىتىمىزنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىل-
گۈمىز يوق، پەقەت شۇ ئىقتىدارىمىزنى ئىشلىتىپ باشقىلار-
غا قانچىلىك ياردەم قىلغانلىقىمىزنى بىلگۈمىز بار.

ماڭاشىمىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلگۈمىز يوق، پەقەت
سىز شۇنچىلىك ماڭاشنى ئېلىشقا ھەقلىق ياكى ئەمەسلىك-
مىزنى بىلگۈمىز بار.

قوشنىمىزنىڭ قايسى ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى بىلگۈمىز
يوق، پەقەت خىزمەت ۋەزىپىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئو-
رۇندىيالىغان - ئورۇندىيالمىغانلىقىمىزنى بىلگۈمىز بار.

«فېلىيەتونلار ئائىلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011 - يىللىق 4 -
سانىدىن **ئەمەتجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى.

# ئۆلگىرى بىلەن ھازىر

**كۇچا**

ئۆلگىرىكى ئەرلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىشتە،
ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىغا قارىلاتتى،
ھازىر ئۇنىڭ شەخسىي مال - مۈلكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىك-
گە قارايمىز.

ئۆلگىرى كىشىلەرنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىك-
نى بىلىشتە، ئۇنىڭ قانچىلىك ياشىيالايدىغانلىقىغا قارىلاتتى،
ھازىر ئۇلارنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىگە قارايمىز،
ئۆلگىرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئە-
مەسلىكىنى بىلىش ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى تويغان - تويمىغانلى-
قىغا قارىلاتتى، ھازىر ئۇلارنىڭ پۇل ئۈچۈن غەم يەيدىغان
- يېمەيدىغانلىقىغا قارايمىز.

ئۆلگىرى كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنىڭ ياخشى ياكى
ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىشتە، بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ كە-
چىكلەرنى ئىززەتلەپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلىگەن - ھۆرمەتلى-
مىگەنلىكىگە قارىلاتتى. ھازىر بۇ ئائىلىنىڭ نەچچە يۇرۇش
ئۆيى ۋە چەت ئەل ئۇسلۇبىدىكى بىناسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا
قارايمىز.

ئۆلگىرى يولدىشىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىشتە،
ئۇنىڭ ھەر ئايدا ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن پۇلىنىڭ ئاز كۆپلىك-
گە قارىلاتتى، ھازىر ئۇنىڭ سىرتتا قالايمىقان ئىشلارغا ئار-
لىشىپ قالغان - قالمىغانلىقىغا قارايمىز.

ئۆلگىرى ئايالىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىشتە،
ئۇنىڭ بىر جۈپ ئىشچان قولىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىلاتتى،
ھازىر ئۇنىڭ قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلى-
دىغان - قىلمايدىغانلىقىغا قارايمىز.

ئۆلگىرى باللارنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باھا بېرىشتە،
ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش - قىلماسلى-
قىغا قارىلاتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى -
تۆۋەنلىكىگە قارايمىز.

ئۆلگىرى دوستىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىشتە
ئۇنىڭ سىز ئۈچۈن ھەمدەم بولالايدىغان - بولالمايدىغانلى-
قىغا قارىلاتتى. ھازىر ئۇنىڭ ھاراق سورۇنىدا مەست بولۇپ
يىقىلىپ قالغان - قالمىغانلىقىغا قارايمىز.

ئۆلگىرى رەھبەرلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىشتە
ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلىي ئىشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە قارى-
لاتتى، ھازىر ئۇلارنىڭ ياخشى دوكلات بېرەلەيدىغان - بې-
رەلمەيدىغانلىقىغا قارايمىز.

ئۆلگىرى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا
باھا بېرىشتە، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئىپادىسىنىڭ ئەلا ياكى
ئەلا ئەمەسلىكىگە قارىلاتتى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھېيت - باي-
راملاردا قانچىلىك سوۋغات ئەكەلگەنلىكىگە قارايمىز.

ئۆلگىرى بىراۋنىڭ ھاراق كۆتۈرۈش - كۆتۈرەلمەسلى-
كىنى بىلىشتە، ئۇنىڭ قانچىلىك «ئېبر گوتو» ئىچەلەيدىغانلى-
قىغا قارىلاتتى. ھازىر، كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق
بېرەلەيدىغانلىقىغا قارايمىز.

ئۆلگىرى نۇتۇق ئىقتىدارىنىڭ ياخشى يامانلىقىنى بىلىشتە،

ماقالە كۆپىيەسى ئىشلىتىدىغان ـ ئىشلەتمەيدىغانلىقىغا قارىلاتتى. هازىر، باشقىلارنى پەرىشان قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قارايمىز. ئىلگىرى خەتنىڭ كۆركەم ياكى كۆركەم ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشتە، خەتنىڭ ئىلماپ يېزىلغان ـ يېزىلمىغانلىقىغا قارىلاتتى، هازىر ھۆسنخەتنىڭ باھاسىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قارايمىز.

«فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئەمەتجان تۇرسۇن تەرجىمىسى

---

تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزا غوجاۋات باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

# جۇڭگولۇق ئەدىبلەرنىڭ مىسكىن قىياپىتى

«خۇاشى مەركىزىي گېزىتى» دە « 2011 ـ يىلى 6 ـ نۆۋەتلىك يازغۇچى بايلار تىزىملىكى» ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا گوجىڭمىڭ، نەنپەي سەنشۇ، جىلىڭ يۈەنجى ئايرىم ـ ئايرىم 24 مىليون 500 مىڭ يۈەن، 15 مىليون 800 مىڭ يۈەن، 12 مىليون يۈەن يىللىق ئاپتورلۇق ھەققى كىرىمى بىلەن شەرەپلىك ھالدا ئالدىنقى ئۈچ ئورۇنغا قويۇلغان.

ۋۇ خۈەيياۋ مۇشۇ يىللاردا ئىزچىل ھالدا جۇڭگولۇق يازغۇچى بايلارنىڭ تىزىملىكىنى ئىشلەپ كەلگەن بولۇپ، جۇڭگولۇق ئەڭ داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگولۇق يازغۇچى بايلارنىڭ بۇ بىر نەچچە يىلدىكى تىزىملىككە قارايدىغان بولساق، ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ يىللىق ئاپتورلۇق ھەققى 20 مىليون يۈەن، كۆپ ساندىكى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلارنىڭ يىللىق كىرىمى بىر نەچچە مىليون يۈەن ئىكەن. لېكىن تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، دۆلەت ئىچىدىكى ئاپتورلۇق ھەققى كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يازغۇچى 10 دىن ئاشمايدىكەن. ھەتتا بەزى يازغۇچىلارنىڭ بارلىق ئامانەت پۇلى 50 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيدىكەن. يىللاردىن بۇيان شەرەپلىك ھالدا يازغۇچى بايلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلارمۇ 118 كىشىدىن ئاشمايدىكەن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يازغۇچىلار كىرىم جەھەتتە مۇتلەق ئاجىزلار توپىغا تەۋە بولۇپ، كۆپ ساندىكى يېزىقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قەلەم ھەققى كىرىمى ھەتتا تىرىكچىلىك قىلىشقىمۇ يەتمەيدىكەن. 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يازغۇچى باي بولغان تەقدىردىمۇ، ئابرۇيى باشقا ساھەلەردىكى بايلارغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ھەتتا مەسخىرىگە قالىدۇ. شۇڭا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇق ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى مىسكىن كۆرۈنىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب ــ قەلەم ھەققىنىڭ بەك تۆۋەنلىكى. يېقىندا، «جۇڭگو ياشلار گېزىتى»گە « تۆۋەن قەلەم ھەققى جۇڭگولۇقلارغا نېمە ئېلىپ كەلدى؟» دېگەن بىر پارچە ماقالە بېسىلدى. بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى چەت ئەلدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ قەلەم ھەققى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، ئامېرىكىدا مەملىكەت بويىچە تارقىتىلىدىغان ژۇرناللارنىڭ ھەر بىر خەتكە بېرىدىغان قەلەم ھەققى 0.75 ئامېرىكا دوللىرىدىن 2 ئامېرىكا دوللىرىغىچە، يەرلىك ژۇرناللارنىڭ ھەر بىر خەتكە بېرىدىغان قەلەم ھەققى 0.10 ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر مىڭ خەت بويىچە خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 4800 يۈەندىن 12 مىڭ 800 يۈەنگىچە بولىدىكەن. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» گە ئوخشاش گېزىتلەر مىڭ خەتلىك بىر پارچە ماقالىگە 2000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق قەلەم ھەققى بېرىدىكەن. ياۋروپادىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ھەر مىڭ خەتكە بېرىدىغان قەلەم ھەققى كۆپىنچە تۆت، بەش يۈز ياۋرو بولۇپ، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تۆت، بەش مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدىكەن. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئەركىن ماقالە يازىدىغان ئادەملەر ئادەتتە ئايدا تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن بىر مۇخبىرلىق زىيارىتى قىلسا، ياكى ھەپتىدە بىر پارچە مەخسۇس ئىستون ماقالىسى يېزىپ قويسىلا تۇرمۇشتىن غەم قىلمايدىكەن، ۋەھالەنكى، ئەركىن ماقالە يازىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ ماقالىسىنىڭ تەننەرخى كەسپىي مۇخبىرلار ماقالىسى تەننەرخىنىڭ ئاران ئوندىن بىرىگە توغرا كېلىدىكەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ناھايىتى

يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە ئىكەن. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ۋاڭ سۇنىڭ پوچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەر مىڭ خېتىنىڭ قەلەم ھەققى ئۆلچىمى بەش يۈەن ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. چەت ئەللەردىكى يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ يەنىلا ناھايىتى بىچارە ئىكەن. نامى يوق ئەركىن ماقالە يازغۇچى دېگىلى تېخىمۇ بولمىغۇدەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچىلار زارلىق قىلىپ: «تۆۋەن قەلەم ھەققى تۈزۈمى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قارىغۇ رايون» دېيىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ قەلەم ھەققى ئۆلچىمىنى دۆلەت بېكىتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزگىرىش چوڭ بولمىدى. 1980 ـ يىلى كۆپ ساندىكى گېزىت ـ ژۇرناللار ئىجرا قىلغان قەلەم ھەققى ئۆلچىمى ھەر مىڭ خەتكە 10 يۈەن ئىدى؛ 1990 ـ يىلى دۆلەت نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئوتتۇرىغا قويغان قەلەم ھەققى ئۆلچىمى ھەر مىڭ خەتكە 30 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ مەزگىلدە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 100 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشقان بولسىمۇ ئادەتتىكى قەلەم ھەققىنىڭ تەڭشىلىشى ناھايىتى چەكلىك بولدى. ناھايىتى نۇرغۇن زىيالىي ئەسەر سېتىپ ئۆمۈر بويى باي بولالماي، نائىلاج «ئالىيجانابلار ئەزەلدىن نامرات» دەپ ۋاقتىنچە ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ كەلدى.

بۇ خىل ئەھۋال نەشرىيات ساھەسىدىمۇ ئوخشاش، ئاپتورلۇق ھەققى ياكى قالەم ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن، ئۆز كەچۈرمىشىمنى مىسالغا ئالسام، ئۆتكەن يىلى «شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىقى: تۆمۈر ئۆيدىكى چوڭ دۆلەتنىڭ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىشى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇرغان ئىدىم. ئاپتورلۇق ھەققى نىسبىتى 9% بولۇپ، يۇقىرى دېگىلىمۇ، تۆۋەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ. تۇنجى قېتىم 15 مىڭ پارچە بېسىلدى. كىرىمى 45 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن باجغا 5000 يۈەنگە يېقىن تۇتۇۋالغاندىن كېيىن قولۇمغا 40 مىڭ يۈەن تەگدى. مېنىڭ دەرياغا سەكرىۋالغۇممۇ كەلدى. چۈنكى ئىككى يىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ، 200 مىڭ خەتتىن ئاشىدىغان كىتاب يازسام، خەقنىڭ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» گە يېزىپ بەرگەن نەچچە مىڭ خەتلىك بىر پارچە ماقالىسىنىڭ كىرىمىگىمۇ يەتمىدى.

ئاپتورلارنىڭ ماقالىسىنى كۆچۈرۈپ بېسىپ ياكى ئىشلىتىپ، بىر تىيىنمۇ بەرمەيدىغان تور بېكەتلىرى تېخىمۇ كۆپ؛ يېقىندا جۇڭگولۇق يازغۇچىلار ئىشلىتىش ھوقۇقى بېرىلمەي تۇرۇپ، بەيدۇ مەجمۇئەسىنىڭ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشلەتكەنلىكىگە قايتۇرما زەربە بەرگەن ئىدى. لېكىن ئاخىرىدا بولدى قىلىپ تاشلاپ قويغاندەك قىلدى. بىر دوستۇم بىر قەلەم ھەققى سۆيلەش شىركىتى قۇرماقچى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ھالدا كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۇنىڭ ئاپتورلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتىنى قوللىدۇم.

تۆۋەن قەلەم ھەققىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى تۆۋەن سۈپەت، ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر تەننەرخ ھېساباتى بولىدۇ. ئەگەر بىر ئىجادىيەتچى ئۈچ يىللىق ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ ھەر مىڭ خېتىگە 30 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە قەلەم ھەققى بېرىدىغان ئەسەر يازسا ئۇنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. قەلەم ھەققى ئۆستۈرۈلمىسە، سۈرئەتكە ۋە سانغا تايىنىپ پۇل تېپىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق بولغاندا قول ئۇچىدا يۈزە ئىشلەشتىن ساقلىنىش ناھايىتى قىيىن، قىسقا ئەسەرلەرنى ئۇزۇن قىلىپ يېزىپ ھۆرۈن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشمۇ ناھايىتى تەس.

يەنە بىر ئاقىۋەت شۇكى، يوشۇرۇن كۈچى بار ئىختىساسلىق ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئامال قىلىپ مالىيەدىن بېقىلىدىغان مەدەنىيەت كەسپى ئورۇنلىرىغا يۆتكىلىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرۈشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدۇ. ئەگەر ئىجادىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش نىسبىتى بەك تۆۋەن بولۇپ، ئائىلىسىنى بېقىشقا يەتمىسە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى پەقەت قىزىقىش ۋە غايىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر قېچىش يولىنى تاللايدۇ. لېكىن، بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشكەن بىلەن بەزى نەرسىلەردىن ئايرىلىدۇ. ئىدارىلەرگە كىرسە ناھايىتى نۇرغۇن ھاياتىي كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ، ئەكسىچە «ئەدەبىيات زومىگەرى» گە ئايلىنىپ ھوقۇقنى مونوپول قىلىش شەكلى ئارقىلىق ھەققىي مەدەنىيەت ئىجادىيىتىنى باسىدۇ.

مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى كۈچەيتىش ئىستىراتېگىيەگە ئايلاندى. قانداق قىلىپ مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆ-

لەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئۇسۇللىرى نۇرغۇن بولۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئادەملەرنى كۈچەيتىش بىر خىل ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. يەنە مەدەنىيەت ئىجادىيىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى قەدىر - قىممەتلىك كىرىمگە، ئەركىن - ئازادە پىسخىكىلىق ھالەتكە، قېتىرقىنىپ ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندا، ئاندىن تارىخقا مۇناسىپ، دەۋرگە مۇناسىپ، خەلققە مۇناسىپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. ئىشنى تۆۋەن قەلەم ھەققى تۈزۈمىنى بۇزۇشتىن باشلاپ، بۇ «قارىغۇ رايون»نى ئىسلاھ قىلىپ ئەدىبلەرنىڭ قەلەم ھەققى ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش گەرچە كىچىك ئىشتەك قىلسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان بىر كونكرېت ئەمەلىي ئىش ھېسابلىنىدۇ.

لياۋ باۋپىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012 - يىللىق 2 - سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى.

# جىددىي يىغىن

مەن نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرسام، ئىشخانا مۇدىرىمىز كىرىپ: «شياۋدۇ ئىدارە باشلىقى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئىشخانىسىدا رەھبەرلىك بەنزىنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچىدىكەن، سەن تېلېفوندا ئۇقتۇرۇش قىلىپ قوي، قاتناشماسلىققا بولمايدۇ» دېدى.

مەن بەنزە ئەزالىرىغا تېلېفون بېرىشكە باشلىدىم. كەسپكە مەسئۇل ليۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا تېلېفون بەرگەن چاغدا، ئۇ چېچىلىپ: «مەن يېزىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈۋاتىمەن. چۈشتىن كېيىن يەنە مەكتەپ مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچىمەن. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئەسلىدە ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ قەرەللىك يىغىن ۋاقتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەرەللىك يىغىنلىرىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن ئىدىم. يىغىن ئۇقتۇرۇشىمۇ تارقىتىلىپ بولغان ئىدى، سېنىڭچە ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟»، دېدى. مەن: «يىغىن بىر قەدەر جىددىي، شۇنداقلا ناھايىتى مۇھىم، مەن پەقەت بۇيرۇققا بىنائەن ئۇقتۇرۇش قىلىۋاتىمەن، بولمىسا ئۆزىڭىز ئىدارە باشلىقىدىن يولىيورۇق سوراپ باقامسىز؟»، دېۋىدىم، ئۇ خېلىغىچە جوڭقۇر ئويلىنىپ: «بولىدىلا، بۇ يەردىكى يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ يېنىلا باراي»، دېدى. ھەممىسىگە تېلېفون بېرىپ بولۇپ، تېخى بىر يۇتۇم سۇ ئىچىپ گېلىمنى نەمدەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، تېلېفون جىرىڭلىدى، تېلېفون ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن كەلگەن بولۇپ، تېلېفوندا: «چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى مەجلىسخانىسىدا جىددىي يىغىن ئېچىلىدۇ، ئىدارە باشلىقىڭىزنىڭ قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، قاتناشماسلىققا، ئۆزىنىڭ ئورنىدا باشقىلارنى قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ»، دېدى. مەن سۈسلۈق قىلماي، تېلېفوننى قويۇپ، دەرھال مۇدىرغا دوكلات قىلدىم.

مۇدىر ھايالشىمايلا كىرىپ: «چۈشتىن كېيىنكى جىددىي يىغىننىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇپ بولدۇڭمۇ؟»، دەپ سورىدى، مەن: «ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇپ بولدۇق»، دېدىم. مۇدىر: «ئۇنداق بولسا، سەن يەنە بىر قېتىم تېلېفون بېرىپ، چۈشتىن كېيىنكى جىددىي يىغىننىڭ ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قوي» دېدى.

مەن بىرىنچى بولۇپ ليۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ: « ليۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چۈشتىن كېيىنكى يىغىن ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا ئېچىلىدىغان بولدى، ئالدىراپ قايتىپ كېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، مەكتەپ مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچسىڭىز بولىدۇ»، دېۋىدىم، ئۇ: «ئەمدى نەدىكى يىغىننى ئاچىمەن، يىغىننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش تارقىتىلىپ بولدى! ھازىر ئاچ قورساق قايتىپ كېتىۋاتىمەن!» دېدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن ئاشقاندا ئىدارىگە ئىشقا بېرىپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ماشىنىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا: «ئىدارە باشلىقى سىز ناھىيەگە يىغىنغا كەتكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىسام، ئە-

ىدارە باشلىقى قولىنى سىلكىپ، ئاچچىقلانغان ھالدا: «بولدى، دېمەيلا قوي، ھاكىمۇ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ يىغىننى ئاچاي دەۋاتاتتى، شەھەردىن قانداقتۇر بىر جىددىي يىغىن ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېفون كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، ناھىيەدىكى يىغىن ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا ئېچىشقا ئۆزگەرتىلدى»، دېدى.

دۇ زىشيا ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2012 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: ش ئۇ ئا ر ماتارىپ نازارىتىنىڭ پېنسىيونېرى

# «كارامەت گەپلەر» ھەققىدە مۇلاھىزە

**گو جېنيا**

پېقىرنىڭ بىر قىزىقىشى بار، چىرىكلىككە قارشى يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ياقتۇرىمەن، بولۇپمۇ ھېلىقىدەك ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارىلانغان، قانۇن تورىغا چۈشكەن پارازىت قۇرتلارنىڭ دېگەن گەپ ـ سۆزلىرىگە ئالاھىدە قىزىقىمەن. بۇنداق سۆز ـ چۆچەك ئاشۇ پارىخورلارنىڭ ھەمشىرىكلىرى تەرىپىدىن ئاشكارىلانغان ياكى ئۆزلىرى قانۇن ئىجراچىلىرىغا ئىقرار قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنسەپتىكى ۋاقتىدا ئاغزى بېسىقماي دەيدىغان ھېلىقىدەك پو گەپلىرى، قۇرۇق گەپلىرى، ھەققەت ھېسابلىنىدىغان، قېلىپلىشىپ كەتكەن سۆز ـ ئىبارىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان، ئىنتايىن چىنلىق بىلەن ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ، پېقىر بۇلارنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىمدىن باركاللا ئېيتماي تۇرالمايمەن.

بۇلاردىن ئۆزۈملا بەھرىلەنمەي دەپ بىر قانچىسىنى تاللاپ كۆپچىلىكنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق تاپتىم:

**ـــ «ئەگەر مېنىڭ بىر تىيىنلىك مەسىلەم بولسا، مېنى ئون يىل تۈرمىگە تاشلاڭلار؛ ئون مىڭ يۈەنلىك مەسىلەم بولسا، ئېتىۋەتسەڭلەرمۇ بولىدۇ.»** («قانۇن ـ تۈزۈم تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى گېزىتى»نىڭ 2010 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇستتىكى سانىدىن ئېلىندى.)

بۇ 5 مىليون 70 مىڭ يۈەن پارا يېگەن، جيەن لى ناھىيەسى دۆلەت زېمىن بايلىق ئىدارىسىنىڭ سابىق ئىدارە باشلىقى خۇاڭ جيەنپىڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارىغا بەرگەن قەسەمدۇر.

مۇلاھىزە: ئىدارە باشلىقى خۇاڭ جيەنپىڭنىڭ قىلغان قەسەمدىن كىچىك چاغلىرىمدا سەھرادا باشقىلاردىن ئاڭلىغان «ئەگەر يالغان سۆزلىسەم، چاقماق چېقىپ ئۆلەي»ياكى، «ئەگەر بۇ ئىشنى مەن قىلغان بولسام، ئادەم بولماي ھايۋان بولۇپ كېتەي.» دېگەندەك قەسەملەر يادىمغا كەلدى. ناۋادا «ئەمەلىيەتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش»نى، «ئەمەلىيەتنى ئاساس، قەسەمنى ئۆلچەم قىلىش»قا ئۆزگەرتىدىغان بولساق، خۇاڭ ئىدارە باشلىقى 507 قېتىم ئېتىلىپ ئۆلگەن بولار ئىدى. ئەجىبا ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ جېنى بارمىدۇ؟

**ـــ «نوچى بولساڭ پۇل خەجلىمەي بىر ئادەتتىكى بۆلۈم باشلىقى بولۇپ باقمامسەن، سېنى ھازىرلا چوڭ دادا دەپ چاقىرىمەن.»** («ھەپتىلىك تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىلى 4 ـ مارتتىكى سانىدىن ئېلىندى)

بۇ خاڭجۇ شەھىرى بىنجياڭ رايونىنىڭ سابىق پارتكوم شۇجىسى شاڭ گوشىڭنىڭ ھوقۇق سېتىۋالغۇچىلارغا ئېيتىدىغان سۆزى، يەنى ئەمەلدار بولاي دېسەڭ «پۇل كۆتۈرۈپ كەل» دېمەكچى.

مۇلاھىزە: شاڭ شۇجىنىڭ بۇ قىسقىغىنە سۆزىگە چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغان. بۇنىڭدىن شۇنداق مەنە چىقىدۇكى، مەن مەنسەپ قالپىقىنى بىكارغا بەرمەيمەن، ھوقۇق سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ھەرقانداقىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمەن. ئەمەلدار بولماقچى بولساڭ مەيلى سەن مېنىڭ قان ـ قېرىنداشىم بولۇشىڭدىن ياكى مۇناسىۋىتىمىز ھەر قانچە يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۇلنى جىق بەرسەڭلا بولىدۇ. ئەگەر سەن پۇل خەجلىمەيلا ئادەتتىكى بۆلۈم باشلىقى بولالىساڭ، ئالدىڭدىلا سېنى «چوڭ دادا» دەپ چاقىرىمەن دېمەكچى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى نەق

گەپنىڭ ئۆزى «پۇل خەجلەپ ئەمەلگە ئېرىشىش»؛ پۇلىڭىز بولمىسا دېيىشكۇدەك گەپ يوق دېگەن گەپ.

— «بېشىمدىكى قىزىل قالپىقىم چوڭ، نازىر دەرىجىلىك رەھبەرمەن، ئۇلار چوقۇم ئاۋۋال مېنى ئەمەس، سېنى تەكشۈرىدۇ، شۇڭا سەن چىڭ تۇرۇشۇڭ، سېمونتنىڭ ئەمەس، بەلكى پولاتتەك ئىرادەڭ بولۇشى لازىم.» (تەپتىش خىزمىتىدىكى بوران - چاپقۇن» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىللىق 16 - ساندىن ئېلىندى.»)

بۇ جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى باش نازىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ۋاڭ شيەنلوڭنىڭ ئاشنىسىغا قويغان تەلىپى.

مۇلاھىزە: پارىخور ئەمەلدار بىلەن ئۇنىڭ ئاشنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھوقۇققا تايىنىپ بۇزۇقچىلىق قىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. سىز ھوقۇقىڭىزغا تايىنىپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى بويسۇندۇرىسىز، ئۇ بولسا گۈزەللىكىگە تايىنىپ ھوقۇقىڭىزنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۆزىڭىزچە ئاياللارنى كولدۇرلىتىمەن دەپ ئويلايسىز، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سىزنى كولدۇرلىتىدۇ. بۇ ئىككىسى ھەم ئوخشاشلىققا ھەم پەرققە ئىگە بولغان دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئەمدى ئويۇندىن چاتاق چىققاندا، ئۇنى پولاتتەك ئىرادەڭ بىلەن مېنى قوغدا دېسەڭ، ئۇمۇ ئەخمەق ئەمەس، ئۇ خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىمنى يەڭگىللىتىمەن، دەيدىكەن چوقۇم سىزنى تارتىپ چىقىرىشى، شېرىن خىياللىرىڭىزنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇشى كېرەك - دە.

— «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تامىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە كېسەك ئاتقانغا ئوخشايدۇ، كېسەك كىمگە تېگىپ كەتسە، شۇنى نەس باسىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ كېسەك مېنىڭ بېشىمغا چۈشتى ئەمەسمۇ.» («ھەپتىلىك ئەسەرلەردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 30 - نويابىردىكى ساندىن ئېلىندى)

بۇ 15 مىليون يۈەننى يۇتۇۋالغان، مەملىكەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەپ نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ناھىيە — گەنسۇ ئۆلكىسى داڭ چاڭ ناھىيەسىنىڭ سابىق پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ شيەنمىن ئېيتقان سۆز.

مۇلاھىزە: كېسەكنىڭ چۈشۈشى مۇقەررەر. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشمەي سىزنىڭ بېشىڭىزغا چۈشۈشى تاسادىپىيلىق، سىزنىڭ قولغا چۈشۈپ، كېسىلىشىڭىز مۇقەررەر، چۈنكى ئىقتىسادىي مەسىلىڭىز بار - دە. ناۋادا سىز بىر ئىشچى ياكى دېھقان بولغان بولسىڭىز، بېشىڭىزغا كېسەك چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئازراق ئۇۋۇلچىلىق تارتقىنىڭىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىشىڭىز ئېنىق ئىدى. ماركس مۇنداق دېگەن: « ئاتالمىش تاسادىپىيلىق ئىچىدە مۇقەررەرلىكنى يوشۇرۇن ساقلىغان بىر خىل شەكىلدۇر.» كۆپچىلىك تەخىر قىلىشالار، كېيىنكى كېسەكنىڭ يەنە قايسى چوڭ پارىخورنىڭ بېشىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر.

— «ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىق ئورنىدا تۇرىدىغانلا بولسام، نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتتە جىنايەت سادىر قىلماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۆزۈمنىڭ قىممەت قارىشىدىن سىرت، يەنە نۇرغۇن كىشى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقان يوشۇرۇن تۈزۈممۇ بار.» (« تەپتىش گېزىتى»نىڭ 2009 - يىللىق 9 - ئاپرېلدىكى ساندىن ئېلىندى.)

بۇ يۈننەندىكى « مۇلايىم پارىخور» دەپ نام ئالغان مالىپو ناھىيەسىنىڭ سابىق پارتكوم شۇجىسى جاۋشيوگېنىڭ ئاتالمىش « يوشۇرۇن تۈزۈم» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىغا دائىر سۆزلىرى.

تەرجىماندىن ئەسكەرتىش: يۈننەن ئۆلكىسى مالىپو ناھىيەسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى جاۋ شيوڭ: «پۇلنى ئېلىۋېلىپ ئىشنى بېجىرىپ بەرمەيدىغان ئادەمنى ‹زوراۋان پارىخور›، مەندەك باشقىلارغا ياخشى ئىش بېجىرىپ بېرىپ ئازغىنە پۇل ئالىدىغان ئادەمنى ‹مۇلايىم پارىخور› دېسەك بولىدۇ. شۇڭا ئۆزۈمنى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇلايىم پارىخور شۇجىسى دەيمەن» دېگەن. ئۇ 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پارا يېگەن ۋە پارا بەرگەن. 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا خىيانەت قىلغان. 2009 - يىلى 29 - ئىيون بىرىنچى سوتتىن ئۇنىڭغا پارا ئېلىش ۋە خىيانەت قىلىش جىنايىتى بىلەن مۇددەتسىز 18 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن، 6 مىليون 5 يۈز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلۈكى مۇسادىرە قىلىنغان. ( بەيدۇ توردىن ئېلىندى)

مۇلاھىزە: ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۇ پارا بەرگۈچىلەر سەۋەبىدىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئىچكى ئامىلنىڭ ئاساس، تاشقى ئامىلنىڭ شەرت ھەققىدە تاشقى ئامىل ئىچكى ئامىل ئارقىلىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىدەك قانۇنىيەتنى ئۇنتۇپ

قالغان بولسا كېرەك. ناۋادا ئۇ پاك ـ دىيانەتلىك بولغىنىدا، «يوشۇرۇن تۈزۈم» مۇ ئۇنىڭغا كار قىلالماس بولغىيتتى؟

ـــ «قايسى قانۇندا ئەرلەر ئاياللىرىنى باشقا ئاياللار بىلەن كوچىدا قول تۇتۇشۇپ ماڭسا بولمايدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بار؟»

بۇ ئاشىنىسى بىلەن بازار ئايلىنىۋاتقاندا ئايالىغا ئۇچراپ قالغان، جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى مەلۇم ئىدارە مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش سوتى نەق مەيدانىدا ئېيتىلغان «ھەتتا سوتچىنىمۇ چۆچۈتىۋەتكەن» بىر جۈملە سۆزىدۇر.

مۇلاھىزە: ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭسا ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايدىغان، ئاشىنىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭسا ياشلىققا قايتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، قىن ـ قىنىغا پاتمايدىغان ئادەملەرمۇ بار ... بۇنداق يوشۇرۇن ئاشنا ئويناش قانۇنغا خىلاپ بولمىغان بىلەن، ئەخلاق چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ.

«فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011 ـ يىللىق 8 ـ ئايلىق 1 ـ سانىدىن **ئاسىمجان ئابلىمىت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: بايىنغولىن ئوبلاستلىق خېجىڭ (خوتۇنسۇمۇل) ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن.

# ھەقسىز كىنو

## فەن دىبو

بىر كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قىزىم مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ماڭا:

ـــ دادا، دوستۇم جاڭ نەن ماڭا ئىككى دانە كىنو بېلىتى بەرگەنىدى، شەنبە كۈنى مېنى كىنوغا ئاپىرىڭ، بولامدۇ؟ ـ دېدى ۋە ھەم يانچۇقىدىن بېلەتنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى.

ـــ ۋۇي، ھەقسىز بېلەتكەندە، ـ دېدىم مەن.

ـــ يەنە تېخى سوۋغاتمۇ بېرىدىكەن، ـ دېدى.

شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بۇ كىنونى چوقۇم كۆرەيلى، ـ دېدىم مەن.

شەنبە كۈنى ناشتا قىلىپ بولۇپ، قىزىمنى ئېلىپ ئۇدۇللا كىنوخانىنىڭ بېلەت تەكشۈرۈش ئورنىغا كەلدىم، بېلەت تەكشۈرگۈچى بېلەتنى كۆرگەندىن كېيىن، مەندىن:

ـــ سىزنىڭ بېلىتىڭىز قېنى؟ ـ دەپ سورىدى.

ـــ ئىككى تال بېلەتنى سىزگە بەردىمغۇ؟ ـــ دەپ جاۋاب بەردىم.

ـــ شۇنداق، ئىككى بېلەت ئىكەن، بىراق، بۇ بېلەت پەقەت بالىلارغىلا ھەقسىز، قىزىڭىز بىلەن بىللە كىنو كۆرمەكچى بولسىڭىز، بېلەت ئېلىشىڭىز كېرەك، ئىشەنمىسىڭىز، بېلەتتىكى ئەسكەرتىشكە قاراپ بېقىڭ، ـ دېدى بېلەت تەكشۈرگۈچى.

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى بېلەتنى ئېلىپ قارىدىم، بېلەتنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋەنكى بۇرجىكىدە ناھايىتى كىچىك يېزىلغان «دوستانە ئەسكەرتىش» تە: «بۇ بېلەت پەقەت بالىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن خەت تۇراتتى.

ـــ بۇ ئادەمنى ئالدىغانلىق بولماي نېمە؟ بولدى، كۆرمەيمەن، ـــ دېدىم ـ دە قىزىمنى يېتىلەپ سىرتقا ماڭدىم، بىراق قىزىم ماڭغىلى ئۇنىماي تارتىشىپ تۇرۇۋالدى. مەن قىزىمنى سىرتقا تارتتىم، ئۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى، ئاخىرى قىزىم پاڭگىدە يىقىلىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن «قىزىمنى ئېلىپ كەتمەيمەن، بېلەت ئېلىپ بىللە كۆرەيچۇ» دەپ ئويلىدىم.

قىزىمنى ئېلىپ كىنوخانىغا كىرىپ، ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا، كىنوخانىنىڭ رادىيو ئۈزۈلدىن:

«بۈگۈن قويۇلىدىغان كىنو « 3D كىنوسى»، كۆزئەينەك ئالمىغانلار خىزمەتچى خادىملارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېلىۋېلىڭلار، بىر دانىسى بەش يۈەن» دېگەن ئۇقتۇرۇش ئاڭلىتىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى ـ دە قىزىمنى ئېلىپ بېلەتچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـــ بېلەتنى قايتۇرىمەن، ـــ دېدىم. بىراق، ئۇلار:

ـــ سېتىلغان بېلەت بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ، ـــ دەپ ئۇنىمىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، كىنو تۈگىگەندە قىزىم بىلەن سوۋغاتنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتىم. بۇ قېتىم كىنوخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ پوزىتسىيەسى ناھايىتى قىزغىن بولۇپ ھېچنېمە دېمەستىن سوۋغاتنى بىزگە بەردى. بۇ سوۋغات ئەسلىدە بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدىغان «شادىمان قوزىچاق» دېگەن سۇلياۋ ئويۇنچۇق ئىكەن.

ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، ھېسابلاپ باقتىم، بۇ قېتىم كۆرگەن كىنو ھەقىقەتەنمۇ «ھەقسىز» ئىكەن. چوڭلارنىڭ بېلىتى 40 يۈەن، ئىككى دانە كۆزەينەكنىڭ ئون يۈەن، جەمئىي 50 يۈەن بوپتۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە ئاچچىق يۇتۇۋالدىم تېخى!

«شىنخۇا كۈندىلىك تېلېگراممىسى» گېزىتىنىڭ 2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى ساندىن **ئابلەت ئابلىز سەردارى** تەرجىمىسى

# شىن شۈجىنىڭ ماشىنا ئالماشتۇرۇشى

**جاۋ پېڭ**

شىن شۈجى مەلۇم بازارغا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بەزىلەر ئۇنىڭغا:

— بازىرىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان «سانتانا» ماركىلىق پىكاپ بەك كونىراپ كەتتى، يېڭىدىن بىرنى سېتىۋالايلى، دەپ تەكلىپ بەردى.

— ھازىر پۇل خەجلەشكە تېگىشلىك ئىشلار بەك كۆپ، كونا پىكاپنى ئىشلىتىۋېرەيلى، — دەپ جاۋاب بەردى شىن شۈجى.

بىر كۈنى، شىن شۈجى بازارلىق مەركىزىي مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، ئوقۇتقۇچىلار ياتىقىنىڭ بەك كونىراپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بازارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت بىرلەشمە يىغىنىدا ئۇ:

— جاپاكەش باغۋەنلەر يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىغان كونا ئۆيدە تۇرۇۋاتسا، بىز كادىرلار ئىشىكتىن چىقساقلا پىكاپقا ئولتۇرساق، خاتىرجەم بولالايمىزمۇ؟ — دېدى ۋە كەسكىن ھالدا، — «سانتانا» ماركىلىق پىكاپنى سېتىۋېتىپ، پىكاپنى ساتقان پۇلغا ئوقۇتقۇچىلار ياتىقىنى رېمونت قىلدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىمەن، — دېدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، شىن شۈجى پىكاپنى ساتقان پۇلدىن 10 مىڭ يۈەننى ئېلىپ، مەكتەپ مۇدىرىغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى. مەكتەپ مۇدىرى ھاياجانلانغان ھالدا شىن شۈجىنىڭ قولىنى سىقىپ:

— رەھمەت سىزگە، كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەل بولمايۋاتقان ئىشىمىز ئاخىرى ھەل بولدى، — دېدى.

شۈجىنىڭ پىكاپنى سېتىپ، مائارىپنى قوللىغانلىق خەۋىرى ناھىيەگە تارقالدى.

— مۇشۇنداق «ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان»لار ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن ناھىيە بويىچە نەمۇنىچى بولۇشقا مۇناسىپ، — دەپ تەستىق سالدى ھاكىممۇ.

يېرىم ئايدىن كېيىن، شىن شۈجى يەنە بازار مالىيەسىدىن 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، خۇسۇسىي كارخانىچى لى غوجايىننىڭ يېڭى تۈرنى كىرگۈزۈشىنى ھەقسىز قوللىدى. ناھىيەلىك كادىرلار چوڭ يىغىنىدا، ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى:

— ئەگەر بارلىق يېزا - بازار كادىرلىرى A بازاردىكىلەرگە ئوخشاش ئەمەلىي ئىش قىلسا، ناھىيەمىزنىڭ ئىقتىسادىدا غايەت زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن بولاتتى، — دېدى.

يەنە بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خۇسۇسىي كارخانىچى لى غوجايىن بېيىغاندا جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۇنۇتماي، بازارلىق ھۆكۈمەتكە ئىمپورت قىلىنغان كاتتا پىكاپتىن بىرنى ھەدىيە قىلدى.

شىن شۈجى پىكاپقا چىقىپ ئولتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، رازىمەنلىك بىلەن:

— يەنىلا ئىمپورت قىلىنغان پىكاپ ئېسىل ھەم راھەت ئىكەن! — دېدى.

«پارتىيە ئەزالىرى تەرمىلىرى» (党员文摘) ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 10 - ساندىن **ئابلەت ئابلىز سەردارى** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: ئونىسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە

# مىكرو فېلىيەتونلار

ليۇ رېندې

## چاكار بولغىمىز بار ... ئەمما مۇمكىن ئەمەس

ئەملى ئېلىپ تاشلانغان ئەمەلدارنىڭ باشقا جايغا يۆتكىلىپ ئەمەلنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى بىلگەن يۇقىرىلار نارازى بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەمەلدار مۇنداق دەپتۇ:

— بىز باشقا جايغا ئالمىشىپ چاكار بولساقمۇ بولمامدىكەن؟ سىلەر بولامتىڭلار يا؟ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! يەنىلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك بۇ مۇشكۈل يۈكنى بىزنىڭ كۆتەرگىنىمىز تۈزۈك!

## ئۇستاكان!

ئەگەر ئەينەك ئۇستاكانغا لىق سۈت قۇيۇلسا كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپلا «بۇ سۈت» دېيىشىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ ماي قۇيۇلسا ئۇنى «سۇ ماي» دەيدۇ. پەقەت ئۇستاكان قۇرۇق تۇرغاندىلا كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ «بۇ بىر ئۇستاكان» دېيىشىدۇ.

ئوخشاشلا، كۆڭلىمىزدە ئاداۋەت، قولىمىزدا پۇل، ھوقۇق-ئىمتىياز بولغاندا ئۆزىمىزگە ئوخشىمايلا قالىمىز؛ ئادەم كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشىشكە قىزىقىدۇ، بىراق كۆپ ھاللاردا ھەقىقىي ئۆزىگە ئىگە بولماق تەسكە توختايدۇ.

## سىزنى سۆيىمەن

ئۇلار بىر-بىرىنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ قالاتتى، ئۇلار بىر قېتىم ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن ئايال:

— ئۇرۇشۇش يېتەرسىزلىكنى ئەڭ ئاسان ئاشكارىلايدىكەن، شۇڭا ھەر قېتىم ئۇرۇشقاندا قارشى تەرەپنىڭ يېتەرسىزلىكىنى يېزىپ قۇتىغا سېلىپ قويايلى، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ قۇتىدىكى باغاقچىلار كۆپىيىپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇش-تالىشىشى بارغانسېرى ئازىيىپتۇ، يىللار ئۆتۈپ ئايال ئىچىگە باغاقچىلار قاچىلانغان قۇتىنى ئېچىپ قارىسا، باغاقچىنىڭ ھەممىسىگە «سىزنى سۆيىمەن» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

# شاتۇت بىلەن گىرىم ئەينىكى

جاڭ جىنمىڭ

قارىغاندا، ئايال غوجايىن تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىشنى بىلمىدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ شاتۇتنىڭ قەپىزىنى گىرىم ئەينىكى قېشىغا ئېسىپ قويغان ئىدى، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا بىر تەرەپتىن شاتۇتنىڭ ئامانلىق سورىشىنى ئاڭلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن گىرىمىنى قىلالايتتى.

بۇ سەۋەبلىك شاتۇتى بىلەن گىرىم ئەينىكى ئوتتۇرىسدا قىسقا بىر قېتىملىق «قەلب ئىزھار قىلىش» سۆھبىتىمۇ بولۇپتۇ. ئادەم يوق بىر كۈنى ئىدى.

گەپنى ئاۋۋال تىلىنى يىغالمايدىغان شاتۇتى تەشتى:

— ھەي ئاغىنە، ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزگە تۇشلۇق سالاھىيىتىمىز بارلار، ساڭا، يۈز يۈيغاندىمۇ باشقىلارنى كۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن؛ ئەمما مەنچۇ، تاماق ئالدىمغا كەلگەندىلا ئاغزىمنى ئاچىمەن، مېنىڭ ئىدىيەمدىن ئۆتمەيدۇ، سەن نېمىشقا روھلىقراق بولمايسەن؟ ئاغىنە ماڭا ئوخشاش تۇرمۇش توغرىسىدا سۆزمەنرەك بول، — شاتۇتى سالماقلىق بىلەن قارشى تەرەپنى كۈشكۈرتتى.

شاتۇتنىڭ توختىماي ۋاتىلداۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەينەك ئېغىز ئاچتى:

— سىز سۆزمەنلىك قىلمايۋاتىسىز بەلكى تەخسكەشلىك قىلىۋاتىسىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاتۇتى تولىمۇ ھەيران قېلىۋىدى، گىرىم ئەينىكى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەنچۇ، كىشىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئېنىق كۆرەلىگىنىم ئۈچۈن، ئۇ قانداق پەرداز قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن، مەن ئاشۇنداق ئالا-بۇلا ( ياڭزىمۇ ياڭزا) لىق ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالىمەن!

ھەقىقىي ماھىيەتنى بىلىدىغانلار كۆپ ھاللاردا گەپدان كەلمەيدىكەن!

# يول توغرىسىدا ئەينەن خاتىرە

ۋەنجۇنخۇا

بىرىنچى كۆرۈنۈش: يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇندا قۇدۇقنىڭ ئاغزى ئوغۇرلانغاچقا يولدىن ئۆتمەكچى بولغان ماشىنىلار ياندىپ ئۆتمەكتە، كىشىلەر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆپ قېتىم ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭى قاپقاق قويۇلمىدى، ئىلاجىسىز ياخشى نىيەتلىك كىشىدىن بىرسى قۇدۇق ئاغزىغا كېرەكسىز بىر كىرىسلو بىلەن قاپقاق ئاغزىنى توسۇپ قويۇۋىدى، ئۇ كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولدى.

مەلۇم بىر كۈنى كىشىلەر كېرەكسىز كىرىسلو ئورنىنى يېڭى قاپقاق ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈشتى، ئەسلىدە ئالدىنقى كۈنى كېچىدە بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلۈپ ئىككى ئادەم يارىلانغانىدى.

ئىككىنچى كۆرۈنۈش: يېقىندىن ياسالغان ئىككى يول ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى كۆركەم پىيادىلەر يولى ياسىلىپ، كىشىلەر ئازادە ماڭاتتى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي پىيادىلەر يولىنى سېمونت تام بىلەن توسۇپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا گۈللۈك ياسالدى، كىشىلەر بۇ جايدا ماڭماقچى بولغاندا چوڭ يولنى ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

بۇ ئىش ئۈچۈن شەھەر ئاھالىلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆپ قېتىم ئىنكاس قىلىپ، پىيادىلەر يولىغا قىلىنغان گۈللۈكنى ئېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشتى. بىراق ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، گۈللۈك ياسىغۇچىلار ئۆز سەنئىتىگە دەسسەپ، پىيادىلەر يولىنى ئىگىلەپ تۇرىۋەردى.

تۇيۇقسىز بىر كېچىدە گۈللۈك تامامەن ئېلىۋېتىلىپ، پىيادىلەر يولى ئەسلىگە كەلدى، ئەسلىدە شۇ كۈنى كېچىدە پىيادە كېتىۋاتقان بىرەيلەن ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ماشىنا ئۇنى سوقۇپ، ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدى.

# تەسىرگە دىققەت قىلىش كېرەك

لىي ۋىنمىڭ

دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىدارىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر چوڭ يىغىنى ئېچىپ، يۇقىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىن روھىنى يەتكۈزدى، يىغىندا ئىدارە باشلىقى مۇھىم سۆز قىلىپ: «بۇندىن كېيىن ئورگاندىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت كۈندە قەتئىي ھاراق ئىچمەسلىك، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش» توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمەنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چارشەنبە كۈنى شەھەردىن بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىدارىمىزغا خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلدى، چۈش بولۇۋىدى، ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قاتارلىقلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئەڭ ئالىي سانىلىدىغان بىر رېستورانغا باردى، رېستوراندا داڭلىق تاماكا، داڭلىق ھاراقلا ئالاھىدە قورۇملارنى قوشۇپ مېھمان قىلىپ، بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن ئۈچمىڭ نەچچە يۈز يۈەننى خەجلىۋەتتى.

دەرۋازىۋەن لاۋجاڭنىڭ بىر توغقىنى ئاشۇ رېستوراندا ئىشلەيدىغان بولۇپ، لاۋجاڭ چۈشتە ئارام ئالاي دەپ تۇرۇشىغا توغقىنى تېلېفون بېرىپ مەسلىھەتلىشىدىغان جىددىي ئىش بارلىقىنى ئېيتتى، لاۋجاڭ رېستورانغا كېلىپ، ھېلىقى توغقىنى بىلەن گەپنى دېيىشىپ سىرتقا چىقىشىغا، مېھمانلارنى ئۇزاتقىلى چىققان ئىدارە باشلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، لاۋجاڭ ئىدارە باشلىقىغا سالام قىلدى.

مېھمانلار ئۇزاپ تۇرۇشىغا ئىدارە باشلىقى لاۋجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىدارە باشلىقىنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھاراق كېكىر گىنىچە لاۋجاڭغا چەكچەيدى:

— ھەي لاۋجاڭ، بىز تېخى يىغىننى ئەمدى ئېچىپ، خىزمەت كۈندە ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ، دېگەن تۇرساق، سىز نېمىشقا رېستورانغا كەلدىڭىز؟ سىزمۇ پېشقەدەم بولۇپ قالدىڭىز، تەسىرگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك!

# ئولتۇرالىسىڭىز ھەرگىز ئۆرە تۇرماڭ

ۋۇ باۋشىڭ

بىر ساۋاقدىشىم بار بولۇپ، ئۇنىڭ يېشىمۇ ئاتمىشتىن ئاشقانىدى، بىر قېتىم ئۇنى «كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ، مۇڭدىشايلى» دېسەم «ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

— ئولتۇرۇشقىمۇ ۋاقتىڭ يوقمۇ؟ - مەن سورىدىم.

— بەك ئالدىراش، - دەپ جاۋاب بەردى ساۋاقدىشىم.

— تېخىچە پېنسىيەگە چىقمىدىڭمۇ؟ - سورىدىم.

— پېنسىيەگىمۇ چىقتىم، ئەمما زادىلا بىكار بولالمە-

دىم، — دېدى. ئۇ يەنە، — ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنۇم قايتا تەكلىپ قىلغان، ئۇلاردىن باشقا قېرىنداش تور قۇرۇلۇشىمۇ ياردەم قىلىشىمغا موھتاج. مەن ئۇنىڭغا پېنسىيەگە چىققان ئىكەنسەن، سۆرەلمىلىك قىلماي پاك - پاكىز، ئۈزۈل - كېسىل چىقىش ھەققىدە، تەگرىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ۋاقتىنىڭ كۆپ قالمىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلدىم، بىراق ساۋاقدىشىم يەنىلا:

— بەك ئالدىراش، ئۇ ئىشلارنى تاشلاپ قويالمايمەن! — دېدى.

بىراق شۇ گەپنى دەپ ئۈچ ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، مىدىرلىيالماس بولۇپ قاپتۇ، مەن ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇ گېپىنى ئايرىيالماي كېكەچلىدى:

— ئاشۇ قېتىم... سىز ... سىز ... مېنى ئولتۇرۇپ ... ئولتۇرۇپ ... مەن ئولتۇرالمىغان، ئولتۇرۇڭ... ھازىر ... مەن ... ئولتۇرا ... ئولتۇرالىغۇدەك قۇربىتىم ... يوق!

بۇنداق ئەھۋالدا باشقا گەپنى قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۇنى ياخشى داۋالىنىشقا، كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن بىرگە ئولتۇرىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا تەسەللى بەردىم.

ساۋاقدىشىمنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ ئاقتى...

مەن ساۋاقدىشىمنىڭ پۇشايمان قىلىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ماشىنا ماگىناتى سۇل. فودنىڭ 80 ياشقا كىرگەندە قىلغان «كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرى: ئولتۇرالىغۇدەك ھالى بولسا، ھەرگىز ئۆرە تۇرماسلىق، ياتقۇدەك ھالى بولسا ھەرگىز ئولتۇرۇۋالماسلىق لازىم» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم، دېمىسىمۇ راست، ھازىرقى يۇقىرى رېتىملىق جەمئىيەت كىشىلەرگىمۇ يۇقىرى رېتىملىق خىزمەت ۋە تۇرمۇش رېتىمى ئېلىپ كېلىپ، كىشىلەرنى بەك چارچىتىۋەتتى، بەكلا ئالدىراش قىلىۋەتتى.

بىز بەك تېز قېرىپ كەتتۇق، ئەمما كېچىكىپ ئەقىل تېپىپتۇق؛ بىز بەك چارچاپ كەتتۇق، ئەمما بەھىر ئېلىشنىڭ ئۆزىمۇ كىشىلىك تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپتۇق.

ھاياتلار ئېسىڭىزدە بولسۇن: ھەر قانچە ئالدىراش، ھەر قانچە چارچىغان بولسىڭىزمۇ ئاشۇ ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئارام ئېلىشنى بىلسىڭىز، ئاندىن بەختلىك بولىسىز، مانا بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرى.

# ياخشى ئىش

گاۋيەنپىڭ

مەن كېسەل سەۋەبىدىن بالنىستا يېتىپ ياخشى ئىشقا ئۇچراپ قېلىشنى ئويلىماپتىمەن، بالنىستىن چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى سېستىرا يۈرتىدىشىم قېشىمغا كېلىپ:

— سىزگە دەيدىغان بىر ياخشى ئىش بار، — دېدى.

— نېمە ياخشى ئىش؟ — مەن تەقەززالىقتا سورىدۇم.

— سىز بۇ قېتىم بالنىستا داۋالىنىپ بىر ياخشى پۇرسەتكە ئۇچراپ قالدىڭىز، ھېچ بولمىغاندا 5 مىڭ يۈەن كەم پۇل تۆلەيسىز.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، بۇ راستلا ياخشى ئىش ئىكەن، مەن داۋالىنىش راسخودىنى ئۆزۈم تۆلەيدىغان تۇرسام!

— ئەگەر سىز مۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن ياكى بىر ھەپتە كېيىن بالنىستىن چىققان بولسىڭىز، ئۇنداق ياخشى تەلەيگە يولۇقمىغان بولاتتىڭىز، — دېدى سېستىرا قىز.

— نېمە ئۈچۈن؟ — مەن ھەيران قالدىم.

— راست گەپنى سىزگە دەي، — دېدى سېستىرا قىز قۇلىقىمغا، — مۇشۇ بىر قانچە كۈندىن بۇيان شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى دوختۇرخانىمىزنىڭ ھەق ئېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن، دوختۇرخانا باشلىقى بىمارلاردىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل ھەقلەرنى چۈشۈرۈپ ئېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى.

— ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە! — كۈلەي دېسەممۇ كۈلەلمىدىم.

# يېڭى گوڭ نېمىشقا ئەجدىھانى ياخشى كۆرگەن

شى فېي

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا ئەجدىھانى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان يېڭى گوڭ ئىسىملىك بىر ئادەم بولغان ئىكەن، ئۇ ئۆيىنىڭ لىم، تۈۋرۈك، ئىشىك - دېرىزىلىرى، شۇنداقلا تاملىرىنىڭ ھەممە يېرىگە ئەجدىھانىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپتۇ، ئۇ يەنە كېيىدىغان كىيىم - كېچەكلىرى، يېپىنىپ ياتىدىغان يوتقانلىرىنىڭ تاشلىرىغىمۇ ئەجدىھا سۈرىتىنى نەقىشلەتكۈزۈپتۇ، كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئەرشتىكى ئەجدىھا ئۇققاندىن كېيىن، تولىمۇ تەسىرلىنىپ ئەرشتىن

چۈشۈپ، دېرىزىسىدىن يې گوڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، ئەجدىھانىڭ قويرۇقى مېھمانخانىدا سۆرىلىپ تۇرۇپتۇ، راست ئەجدىھانىڭ ئۆيدە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن يې گوڭ قورقىنىدىن جان پېنى چىقىپ قاچماقچى بولۇپ، تام ـ تامغا ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ.

ــ غوجام ئەنسىرىمىسىلە، غوجام ئۆزلىرىنى ئاسرىغايلا! ـ دەپتۇ يې گوڭنىڭ ئۆيىدىكى چاكار دەرھال يې گوڭنى يۆلەپ.

ــ ھەي چاكار، ئەجدىھا قېنى؟ ــ يې گوڭ ئالاقزادىلىك بىلەن سوراپتۇ.

ــ ئەجدىھا ئۇچۇپ كەتتى.

ــ ئۇچۇپ كەتكەن بولسا ياخشى بوپتۇ، ئۇچۇپ كەتكەن بولسا ياخشى بوپتۇ ... يې گوڭنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىپتۇ، ــ سەن بىلمەيسەن ئەمەلىيەتتە مەن ئەجدىھانى ئەڭ ئۆچ كۆرىمەن!

ــ غوجام، سىلە ئادەتتە نېمىشقا ھەممە ئادەمگە «مەن ئەجدىھانى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن» دەيلا؟ ــ چاكار ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي ئەجەپلىنىپ سوراپتۇ، ـ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيىنىڭ نەرىگىلا قارىسا ئەجدىھانىڭ رەسىم، ئويمىلىرى؟

ــ چۈنكى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەجدىھانى ياخشى كۆرىدۇ، ــ دەپتۇ يې گوڭ ئەستايىدىللىق بىلەن، ــ بولۇپمۇ ئاشۇ بەگ ـ غوجاملار، پادىشاھ، ئەمىرلىرى ئەجدىھاغا تولىمۇ چوقۇنىدۇ، ئىززەتلەيدۇ، شۇڭلاشقا مەنمۇ چوڭ ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ياخشى كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋالىمەن، ساختىلىق قىلغان ئىكەنسەن، چېكىدىن ئاشۇرۇپ قىلىشىڭ لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، سېنىڭ جەمئىيەتتە ئورنۇڭ بولمايدۇ، پۇت تىرەپ تۇرالمايسەن.

ــ ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن ــ دە! قۇللىرى غوجامنىڭ تىل قىسىنچىلىقىنى چۈشەندى، ــ چاكار يۇقىرقىلارنى دېگەچ يې گوڭنى يۆلىگىنىچە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

## يامغۇر ئەجدىھاسىنىڭ باش قېتىنچىلىقى

ئۇزاقتىن بۇيان قۇرغاقچىلىق بولۇۋېرىپ، ئېتىزـ ئېرىقلار قۇرۇپ يېرىلىپ كەتتى، دەل ـ دەرەخ، مايسىلار قۇرۇپ قاخشالغا ئايلاندى.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ دەرھال يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئەمر چۈشۈردى. خاسىيەتلىك يامغۇر يېغىپ جاھان ھۆللەندى، بىراق يولدا كېتىۋاتقانلار قارغاشقا باشلىدى:

ــ ئۆلگۈر يامغۇر ئەجدىھاسى، ئۆلگۈر يامغۇر...

باغچىلاردا ساياھەت قىلىۋاتقانلارنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى:

ــ ھۇ ئۆلگۈر ھاۋا ئادەمنى بىزار قىلىپ!...

يامغۇر ئەجدىھاسى يامغۇر تورىنى يىغىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ داتلىدى:

ــ ئالىيلىرى، كەمىنە ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن، ئەمدى يامغۇرنى ياغدۇردۇۋېرىشكە بولمايدۇ.

ــ نېمە ئۈچۈن؟ ــ پادىشاھ چۈشەنمەي سورىدى.

ــ شىپا يامغۇرى ياغدۇرۇپ، نۇرغۇن تىل دەشنامغا قالدىم، زادىلا ئەقلىگە سىغمايدۇ، ــ دېدى يامغۇر ئەجدىھاسى بىچارىلارچە.

ــ بۇ يامغۇرنى چوقۇم ياغدۇرۇش لازىم، ــ دېدى پادىشاھ، ــ تىل ئاھانەتكە قالساڭمۇ ياغدۇرىسەن. ھەر قانچە ياخشى ئىش قىلساڭمۇ، ھەممە ئادەمنىڭ رازى بولۇشى ناتايىن، يەنە بەزىلەر قارشى چىقىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن يامغۇر ئەجدىھاسى كىشىلەرنىڭ تىل ئاھانىتى ئىچىدە يامغۇر تورىنى يايدى.


«فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2012 ـ يىلى 10 ـ يانۋار، 24 ـ، 25 ـ فېۋرال ۋە 2 ـ ، 6 ـ ، 9 ـ مارت سانلىرىدىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانىي** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: پەيزاۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ پېنسىيونېرى

تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرى: **ئامانگۈل ئېزىز** (تەكلىپلىك)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۈلنار رۇستەم (تەكلىپلىك)؛ بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك كورېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: ماخمۇتجان تۇردىنىياز (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم (تەكلىپلىك).














لياك لى فوتوسى

www.uyghurkitap.com



تۇخۇم ۋە ئەتە

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　址：乌鲁木齐市友好北路北一街43号
邮　编：830011 电话：（0991）2856942
印　刷：《新疆日报》印务中心
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

邮发代号：58－22 定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2012 ـ يىلى 4 ـ سان (ئومۇمىي 316 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالى دوستلۇق يولى شىمالى 1- كوچا 43 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـــ 58 باھاسى: 6 يۈەن